ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



# نەزەر

2011- يىل 4- ئاي

ئالاھىدە سان

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

مۇندەرىجە

تۈگمەننىڭ يولىدا.....................................................................سىدىق ھاجى روزى1

ئازاتلىق بىزدىن قانچىلىك يىراق؟...................................................تارىم يولۋسى3

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ شۇئارى نىمە؟ .........................................سىدىق ھاجى مۇسا9

ئاپتونومىيەچىلىك تەسلىمچىلىك ................................................. ئىلھام12

ئۇ ۋە مەن ........................................................................... تۇمان 20

ئىنقىلاپنىڭ ئىككىنچى باشقۇچىغا يۈرۈش.......................................  تايماس ئەرىك20

خاتالىقتا سۈكۈت قىلىش داۋاغا خيانەت قىلىشتۇر...............................  تۇران23

رەھبەرلىرىمىزنىڭ قىلمىشلىرىدىن پارچە............................................ سىدىق ھاجى مۇسا25

رابىيە قادىر خانىمغا خەت......................................................... ئەركىن ئالىپتېكىن28

ياشلار لېدىر بولسۇن................................................................ئۇچقۇن35

شەرقى تۈركىستان ئالى كېڭەش يىغىنىغا شېرىم ئارقىلىق ئادىن باھا............ئابلاجان لەيلى نامان35

شەرقى تۈركىستان ئالى كېڭىشى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم .........................ت.بوغرا39

چوڭلارنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق...................................................... ئەخمەتجان ئوسمان47

2011.4
ئالاھىدە سان

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



# تۈگمەننىڭ يولىدا

ئەخمەتجان ئوسمان دېگەن بۇ كىشى، كومپيۇتېرنىڭ قازنىقىدىن ، كومپيۇتېرنىڭ سەھنىسىگە سەكرەپ
.چىقالىغان چېغى، ھەر ھالدا جۈرەتلىك بولۇپ قاپتۇ
بىرەر جۈملە سىيا سى گەپ ئۆگەنگەن بولىشى مۇمكىنمۇ ياكى كىشىلەرگە كۆز-كۆز قىلغۇدەك،
يېڭىدىن -يېڭى بىر سىياسى ئۇقۇم تېپىۋالغانمۇ _ دەپ ئويلاپ ، بۇ كىشىنىڭ يازغان يازمىلىرىنى ئوقۇپ
كۆرسەك ، يەنىلا « ئاتام ئېيتقان بايىقى » گەپ _ نېمىشقا « ئۇيغۇرىستان دەيمىز » دېگەن كونا گەپ
ئىكەن. « ئامېرىكىلىقلار نېمىشقا ئازاد قىلىپ قويغۇدەك » دەيدىغان كۆچۈرمە گەپنى يەنە بىر قېتىم
.كۆچۈرۈپ چىققان بۇ كىشى ئازادلىق دەيدىغان بۇ ھەرىكەت پىئېلىنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەنمىسە كېرەك
ئۇيغۇرلار ۋەتەننى تاشلاپ قېچىشقا توغرا كەلگەندە ئەلمىساقتىن تارتىپ ئەرەبىستانغا قاچاتتى،
تۈركىيىگە قاچاتتى. مەسىلەن ۋەتەننى تاشلاپ قېچىشقا « مەجبۇر » بولغان ئەخمەتجان ئوسمان
ئەپەندىمۇ ئەرەپ دۆلىتى سۈرىيىگە قاچقان ئىدى. كولومبو ئامېرىكا قىتئەسىنى ئاچقاندەك، يىراقنى كۆرەر
كىشىلەر بۇقېتىم سىياسى پاناھلىق تىلەپ ئامېرىكا ۋە غەرب دۇنياسىنى تاپقاندىن كېيىن، ئۇيغۇرنىڭ
.ئوغۇل- قىزلىرى سىياسى پاناھلىق ئىزدەپ غەرب ئەللىرىگە ئارقا-ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى
شۇ قاتاردا دىنىسىزلىقنى تەرغىپ قىلغۇچى لېكىن بىر قوساقنىڭ غىمىدە يۈرگەن ئەخمەتجان
ئەپەندىمۇ سۈرىيىدىن قوغلىنىپ تۈركىيىگە، تۈركىيىدىن قوغلىنىپ كاناداغا كېلىپ ئورۇنلاشقان بولدى.
دېمەك، ئامېرىكا تۇنجى قەدەمدە ئەخمەتجاندەك كىشلەرنى « ئازاد » قىلغان بولدى. ئازاد قىلدىلا ئەمەس
بەلكى ئەخمەتجاننى بىكارغا لەڭ يەپ ياتىدىغان پۇرسەتكىمۇ ئىگە قىلىپ قويدى. بۇ، ئامېرىكىنىڭ «
سېنى ئازاد قىلىپ قويغىنى» بولماي نېمە؟
ئارىلىقتا ئەخمەتجان ئامېرىكىلىقلار ئۇيغۇرلارغا ئېچىپ بەرگەن رادىئوغا كىتاب ئوقۇپ بېرىپ جان
بېقىش پاخلىغا ئېرىشكەن بولدى. بۇمۇ ئامېرىكىنىڭ « سېنى- ئەخمەتجاننى ئازاد قىلىپ قويغىنى » بولماي
نېمە؟
ئىسكاندىنوۋىيدىن -ئاۋستىرالىيە سىدنىغىچە، توكيودىن- ۋاشىنگتونغىچە، ئوتتاۋادىن- لوندونغىچە،
جەنۋەدىن -مېيۇنخېنغىچە بولغان ئارىلىقتا غەرب دۆلەتلىرىدە بالا-چاقىسىنى قوشقاندا تەخمىنە ن
6مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر شۇ دۆلەتلەردە سىياسى پاناھلىق ئېلىپ « ئازادلىق » قا ئېرىشتى. بۇمۇ
ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇرنى « ئازاد قىلىپ قويغىنى » بولماي نېمە؟
گەپنى ئەقەللى « ئازادلىق» چۈشەنچىسىدىن، تۇرمۇشنىڭ ئەقەللى ساۋاتلىرىدىن باشلىساق
بولامدىكى ئەخمەتجان( بايقۇش ). بەلكى تەپەككۇرىڭمۇ شۇ دائىرىدىكى ئەقەللى ساۋاتنى ئاران-ئاران
ھەزىم قىلالىشى مۇمكىن! تۈزگەن جۈملىلىرىڭدىن تەپەككۇر كۆچۈڭنىڭ زادىلا قانچىلىك ئىكەنلىكىنى
. كۆرۈپ يەتتىم
ساڭا، ئەخمەتجان ئۇكا، كاناداغا كەلگىلى 6-7 يىلدىن ئاشتى . ئەگەر ۋۇجۇدۇڭدا « ۋەتەن
قايغۇسى»، « مىللەت قايغۇسى » بولىدىغان بولسا نېمە ئىش قىلدىڭ كاناداغا كېلىپ؟ قولۇڭدىن نېمە
ئىش كېلىدۇ، نېمە ئىش قىلالىشىڭ مۇمكىن؟ ياكى ھازىرغىچە بىر- ئىككى ئادەمنى تەشكىللەپ ئۆزۈڭنى
« لىدىر» دەپ جاكارلاپ ، « ئەمەلىنىڭ تاماسى » دا ، ھەسەتنىڭ ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتقان قەلبىڭگە ئاز-تولا
خاتىرجەملىك ئاتا قىلىشمۇ قولۇڭدىن كەلمىدى . مەن ئويلىدىم: ئەخمەتجان ئەپەندى ، ئەرەپ تىلنى
مەكتەپتە ئۆگىنەلمىسىمۇ ئايالىنىڭ ئەرەپ دوستلىرى ئارقىلىق ئۆگىنەلىگەن بولىشى مۇمكىن. بەلكى ئەرەپ
تىلى تور بېتى ئېچىپ « ۋەتەن قايغۇسى » ،« مىللەت قايغۇسى» غا ئىگە بولغان بۇ كىشى، قايغۇلىرىنى
.ئەرەپ دۇنياسىغا يەتكۈزۈشى مۇمكىن _ دەپ ئويلىدىم. بىراق، بۇ ئىشمۇ قولۇڭدىن كەلمىدى
بالا-چاقاڭ ۋە دوستىڭنى يېتىلەپ سۈرىيىنىڭ كوچىلىرىدا كېتىۋاتقىنىڭدا ھوي! دوستۇم ، تۇغماس
ئەخمەتجان _ دەپ سېنى تونۇۋالغان كىشى كىم ئىدى بايىقى ئەخمەتجان ئەپەندى؟ ئەرەپمىدى ياكى
چالا تۈركمىدى؟ سەن بىلەن بىللە بەلكى ئايالىڭنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان ئايالىڭنىڭ دوستى تۈركمىدى ياكى
ئەرەپمىدى؟ ئاڭلىسام بەزىدە ئائىلەڭنى ئەرەپ ئائىلىسى _ دەپ تونۇشتۇرىدىكەنسەن كىشىلەرگە، بەزىدە
ئائىلەڭنى تۈرك ئائىلىسى _ دەپ تونۇشتۇرىدىكەنسەن كىشىلەرگە. ئائىلەڭگە مەسئۇل دوست بولغان كىشى
زادى كىم قايسى تائىپىدىن ئىدى؟
ۋەتەندىكى دوستلىرىڭ ... كۆرەش رەجەپ، ھابىلجان ھېيت ...قاتارلىق دوستلىرىڭ ساڭا ئەگىشىپ
سۈرىيىگە بىللە چىقتى دەپ ئاڭلىمىدىم. ئۇلار يېنىڭدا بولغان بولسا، ھېچ بولمىغاندا ... ساڭا
.ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن تېرىقچىلىك بولسىمۇ ئاز-تولا ساۋات بەرگەن بولاتتى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



ئامېرىكىنىڭ « ئازاد » قىلىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ « ئازاد » بولىشى ياكى ئامېرىكىنىڭ « ئازاد »
.قىلماسلىقى بۇ بەك چوڭمۇئەمما ئەخمەتجان ئەپەندى
ئامېرىكىنىڭ « ئازاد » قىلىشى ۋە « ئازاد » قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسەم
ئاڭقىرالىغۇدەك ئەقلىڭ بارمىدى ئۇكام، چۈشەنگۈدەك قابىلىيىتىڭ بارمىدى، ھەزىم قىلغۇدەك ئاشقازىنىڭ،
تەھلىل قىلغۇدەك ئىقتىدارىڭ ، ھەتتا كۆشىگىدەك ئېغىزىڭ بارمىدى ئۇكام. مەن سۆزلەپ بەرسەم بۇنى
!چۈشەنمەيسەن-دە، بايقۇش
ئامېرىكا نېمە...ستاننى ئازاد قىلىپ ھېچ قانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمەيدۇ » دەپسەن يازغان »
ئىنشالىرىڭدا. بۇ جۈملە ھۆكۈممۇ ياكى يەكۈنمۇ؟ قالتىس گەپقۇ- بۇ. ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتى قەيەردە،
ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتى قايسى رايونغا چۈشىدۇ، ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى مەنپەئەتى نېمە، كەلگۈسى
مەنپەئەتى نېمە؟ بىر دۆلەتنىڭ مەنپەئەتگە مۇناسىۋەتلىك شۇ دۆلەت بۇ توغرىدا ئۆزى بىر نېمە دېمەي
تۇرغاندا، سېنىڭ بىلجىرلاپ ئوتتۇرىغا چىقىۋېلىشىڭ كۇلكۇلۇك بىر گەپقۇ ئەپەندى؟ « بۇنداق قىلىش
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنپەئەتگە زەربە بېرىش...» دەپسەن يازغان ئىنشالىرىڭدا. ئوھۇئى، ئۇكام ئەخمەتجان!
كوچىدا ماڭغاندا بېشىڭ بىلەن ماڭامسىنا ياكى پۇتۇڭ بىلەنمۇ؟
بىر خەلقنىڭ ئۆزىنى- ئۆزى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى شۇ خەلقنىڭ بىر پۈتۈن سىياسى ئىرادىسىدىن »
باشلىنىدۇ » _ دەپسەن بايقۇش! ئەدەبىيات ساھەسىدە باشقىلار تەييارلاپ بەرگەن ئۇقۇملارنى
ئۆزگەرتىپ كۆنۈپ قالغان خۇي-پەيلىڭ بىلەن سىياسى ئۇقۇملارنى ئۆزگەرتىشكە ئۆتتىڭمۇ ئەمدى.
پەيلاسوپ نېتزى « ھوقۇق ئىرادىسى» دەپ ئىجات قىلغان ئۇقۇم ئىدى، چېقىلما كىشىلەر ياراتقان
ئۇقۇملارغا! بىراق، بىر سىياسى ئۇقۇم بولسىمۇ ئۇگىنەلىگىنىڭدىن خوش بولدۇم. ئەمما سىياسى ئۇقۇمنى
بۇرمىلىغىنىڭدىن ناگىزا بولدۇم. چۈنكى ئاتا -بوۋىلىرىمىز شۇنداق سىياسى ئۇقۇملارنى ئۇگىنەلمەي
.ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى
مەسىلەن، 20 ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ئۇيغۇرنىڭ جامائەت ئەربابى ۋە سىياسى ئەربابى
ئابدۇكىرىمخان مەخسۇم(ياخشى ئادەم ئىدى رەھمەتلىك) موسكۋادا ستالىن بىلەن كۆرۈشكەندە، ستالىن
-ساڭا نېمە كېرەك _ دەپ سوئال قويغاندا دېرىزىدىن تالادا توختىتىپ قويۇلغان تۆت چاقلىق گاز
.ماشىنىنى كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ ، ئابدۇكىرىمخان مەخسۇم :ئەشۇ گاز ماشىنىنى ماڭا بەرسەڭ_ دېگەن ئىكەن
ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا قۇربان تۇلۇم ماۋ بىلەن كۆرۈشكەندە، ماۋ ساڭا نېمە كېرەك_ دەپ - 20
سوئال قويغاندا قۇربان تۇلۇم : ماڭا بەش مېتىر چىپەرقۇت بەرسەڭ بوپتىكەن _ دېگەن ئىكەن. دېمەكچى
بولغۇنۇم ئۇلار شۇ چاغلاردا« سىياسى ئىرادە » دېيىشنى بىلمىگەن ئىكەن . ئەمدى بۇگۈنچۇ؟ قۇربان
تۇلۇمنىڭ نەۋرىسى ياكى ئېپى نەۋرىسى ئەخمەتجان تۇلۇم نېمىلا بولسا « سىياسى ئىرادە» دېگەننى
بۇرمىلاپ بولسىمۇ ئۇگىنىپتۇ. ئالقىشلىماي بولامدىكىنە؟
ئېسىڭدە بارمىدۇر ئىككىمىز تېلېفوندا نېمە...نېمە دېيىشكەن ئىدۇق _ بەزىلەر خىيال ئىچىدە داھى
بولۇپ چۈش كۆرىدۇ، بەزىلەر قولىنى پۇقرالارغا پولاڭلىتىپ چۈش كۆرىدۇ، بەزىلەر داھىمىز ئەخمەتجان
قاسىمنىڭ سۈرىتىنىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ رەسمىنى چا پلاپ تورغا چىقىرىپ ، داھى بولۇپ چۈش كۆرىدۇ.
لېكىن ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىن مەن ئەسكەر بولىمەن دەيدىغان ئادەم ئاز چىقىدۇ _ دېگەن ئىدىم، ئېسىڭدە
.باردۇ ئۇكام
.يەنە نېمە دېگەن ئىدىم ، بۇ سۆز بىر ئاز قوپاللىراق سۆز ئىدى شۇنداق بولسىمۇ يېزىپ قوياي
بەزىلەر سىياسەتكە قىزىقىدۇ، بەزىلەر سىياسەت ساھاسىگە كىرىپ باقىدۇ، بەزىلەر چەتتە تۇرۇپ
سىياسەتكە ئارىلىشىپ باقىدۇ، پايدا-مەنپەئەت قوغلىشىپ پۇرسەتپەرەسلىك قىلىدۇ. نېمە چارە بار ئۇكام،
.تۇگمەننىڭ يولىدا ئاتىنىڭمۇ ئىزى بولىدۇ، ئېشەكنىڭمۇ ئىزى بولىدۇ _ دېگەن ئىدىم
ئۇكام ئەخمەتجان قولۇڭدىن كېلىدىغان ئىشنى قىل، قولۇڭدىن كەلمەيدىغان ئىشنى قىلما_ دېگەن
ئىدىم. شائىر بولىمەن دەپ، شائىرلىق كوچىسىغا كىرىپ ئەرەپنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرۈپ
ھازىرغىچە شائىر بولالمىغان بولساڭمۇ ئۆزۈڭ سۆيگەن كەسپىنى تاشلىما، سىياسەت بۇ ، سەن قىلالايدىغان
.ئىش ئەمەس دېگەن ئىدىم
يۇقۇرىقى ئۈچ پارچە ئىشارىنى ئوقۇپ چىقارغان يۈكۈنۈپ شۇ بولدىكى، روھى پارچىلىنىش كېسىلىگە
گىرىپتار بولۇپ قالدىڭمۇ-قانداق. تەپەككۇر يولۇڭ توغرىسىدا خېلى بۇرۇنلا ھۆكۈم چىقىرىپ، بۇ كىشىنىڭ
تەپەككۇر يولى ئالىلقاچان پاراللىچ بولغان كىشى ئىكەن_ دېگەن ئىدىم. قۇبۇل قىلساڭ نەسھەتىم شۇكى،
!سىياسىغا ئارىلىششتىن ئاۋۋال سىياسى جۈملە تۈزۈشنى ئۈگىنىۋال
قۇبۇل قىلساڭ ئىلتىماسىم شۇكى، 15 يىل بولدى، ۋەتىنىمنىڭ ئەدەبىيا ت ساھەسىدىن ئايرىلىپ
كەتتىم . ئاڭلىسام شېئىرىيەت توغرىسىدا بىر نېمىلەرنى يېزىپ تور بېتى ئارقىلىق ۋەتەن ئىچىگە ئەۋەتىپ،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



ئۇيغۇر ياشلىرىنى قايمۇقتۇرۇپ يۈرۈپسەن  ئۇكەم .  نوچى بولساڭ « ئازادلىق »  تور بېتىگە شۇ
ماقالىللىرىڭنى چاپلاپ باقساڭچۇ؟
، گۇناھىڭ شۇ ئۇچراپ قالدىڭ قوساق ئاچقاندا
.شۇنداق قىلىپ بۆرە قوزىچاقنى يېدى جاڭگالدا
،مەن بۆرە ئەمەس ، سەنمۇ قوزىچاق ئەمەس
.لېكىن ، گۇناھىڭ شۇ ئۇچراپ قالدىڭ زېرىكىپ تۇرغاندا

2010.11.12

ئازادلىق بىزدىن قانچىلىك ئۇزاقتا؟

خىتاينىڭ مىللى زۇلمىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىمايدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر بولمىسا كېرەك. ئەمما تاجاۋۇزچى
خىتاينىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ كۈچلۈكلىكى، شۇنداقلا بىزنىڭ نەچچە يۈز قېتىملىق چوڭ-كىچىك
قارشىلىقلىرىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز مەغلۇب بولۇشى نۇرغۇنلىغان خىتايپەرەس مۇناپىقلارغا ئۆزىنىڭ ياشاش
سەپسەتىسىنىڭ «توغرا»لىقىنى تېخىمۇ بەك بىلدۈرسە، يەنە نۇرغۇنلىغان كىشلىرىمىزنى ئۈمىدسىزلىكنىڭ
چوڭقۇر ھاڭلىرىغا ئىتتەرمەكتە. يەنە شۇنداقتىمۇ، يولنىڭ شۇنچىلىك مۈشكۈل، شۇنچىلىك ئەگرى-
توقايلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، خەلقىنىڭ ھەقىقى ھۆر-سائادىتىنى ئۆزىنىڭ بەختى، دەپ بىلىدىغان
.قەھرىمانلىرىمىزمۇ مىللى ئىنقىلاب سېپىمىزگە ئۆزلۈكسىز قېتىلىۋاتىدۇ
دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى ھېلىھەم ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن پۇرسەتپەرەسلىكنىڭ
تىنىمسىز كۆرەشلىرىدە ناھايىتى ئېغىر تىنىقلارنى ئېلىۋاتىدۇ. ئىنقىلاپىنىڭ يوللۇقلىقى، ھەقلىقلىقى بىزگە
كۆرەش قىلىش ئاساسىنى تەمىنلەپ بىزنى ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىشكە يېتەكلىسە، ئىنقىلاپ جەريانىدىكى
مەغلۇبىيەت، ئۇزۇن مۇددەتلىك نەتىجىسىزلىك يەنە كىشىلەرنىڭ غەيرىتىگە قارشى ھالدا ئۈمىدسىزلىك
.بەخش ئەتمەكتە
بۇ ئىنقىلاپىنىڭ ئايىغى قاچان چىقىدۇ؟ بىز زادى قاچان ھۆر بولىمىز؟ بىز زادى قاچان ئەركىنلىككە، پاراۋان،
سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىمىز؟
بۇ سۇئاللار يەنىلا نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئۇنتىنىسىز قىينىماقتا. بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن، بىز چوقۇم ئازاد
.بولىمىز
ئۇلاردىن قايسى يول بىلەن قانداق ۋاقىتتا، دەپ سورىسىڭىز بېرىدىغان جاۋابى ھەرخىل. ئۇلاردىن سەۋەبىنى
سورىسىڭىز، پەقەت لوگىكىسىز، ئاساسسىز بىر پەرەزگىلا تايىنىدۇ. دېمىسىمۇ، بىز مانا ئازاد بولىمىز، ھېلى
ئازاد بولىمىز، 10 يىلدىن كېيىن، 20 يىلدىن كېيىن، دەپ مانا نۇرغۇنلىغان يىللار ئۆتۈپ كەتتى. خەلقىنىڭ
.قەددى پۈكۈلسە پۈكۈلدىكى ھەرگىز رۇسلانمىدى
نەتىجىلىك ئىنقىلاپ ئىنقىلاپچىلىرىمىزغا كۈچ، جاسارەت، ئۈمىد بېغىشلايدۇ. نەتىجىسىز ئىنقىلاپ،
پۇرسەتپەرەسلەرگە تېخىمۇ جىق پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا ئىنقىلاپىنىڭ ھەردەۋر، ھەر
باسقۇچلىرىدىكى نىشانلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى ئۆلچەپ تۇرىدىغان ئۆلچەم بولۇش، ئىنقلابىمىزنىڭ ھەر
باسقۇچلاردىكى يۆنىلىشى، نەتىجىسىنى بەلگىلەشتە، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى ئۇزۇل-كېسىل غەلبىنى قولغا
.كەلتۈرۈش-كەلتۈرەلمەسلىكىمىزنى بەلگىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم
ئىنقلابىمىزنىڭ يۆنىلىشى قانداق كېتىپ بارىدۇ؟ ئىنقلابىمىزنى غەلبىگە ئېرىشتۈرىدىغان قانداق
تەشەببۇس، يول، ستراتېگىيىلەر بار. بۇنى بىلىش ھەممەيلەننىڭ ئىنقلابىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى
.يۈزلىنىشنى، قەدەم-باسقۇچلىرىنى، نەتىجىسىنى بىلىشكە زور دەرىجىدە ياردەم قىلىدۇ
ئۇنداقتا ۋەتەننىڭ ئازادلىق يولىدا يەنە قانداق تەشەببۇسلار، ستراتېگىيىلەر بار؟ بۇ تەشەببۇس،
ستراتېگىيىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش مۇمكىنچىلىكى قانچىلىك؟ بۇ بىزنىڭ ئىنقلابىمىزنىڭ ئاداققى غەلبىسى
.بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك
تۆۋەندە بىز ئىنقىلاب يولىدىكى ھەرخىل كۆز-قاراش، ستراتېگىيىلەر بىلەن تونۇشۇپ باقايلى ۋە ئۇلارنىڭ
.ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنچىلىكى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ باقايلى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



هازىرغىچە بولغان ئىنقىلاپ يول-ستراتېگىيلىرى توغرىسىدا مۇهاكىمە
بىرىنجى: خىتاي چوقۇم دېموكراتلىشىدۇ. خىتاي ئىچكى جەھەتتىن پارچىلانغاندا بىز چوقۇم مۇستەقىل
.بولىمىز
بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ سەۋەبىنى سورىسىڭىز. جاۋابى، ئىنتايىن ئاددى: سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلاندى،
خىتايمۇ چوقۇم سوۋېتكە ئوخشاش پارچىلىنىدۇ. چۈنكى سوۋېتمۇ، خىتايمۇ ئوخشاش سوتسىيالىستىك
،دۆلەت
يۇقارىقى سەۋەب، پۈت تىرەپ تۇرالامدۇ؟
:مېنىڭچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىش سەۋەبىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتە ئىنتايىن ئاجىزلاپ، ئامېرىكا قاتارلىق غەرب كاپىتالىستىك 1.
.دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە مۇهتاج بولىشى
ئىقتىسادى مۇهتاجلىقتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرب دۆلتى بىلەن يېقىنلىشىپ دېموكراتلىشىش يولىغا 2.
.قەدەم قويۇشى
.رۇس نوپۇسىنىڭ پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقتىكى نىسبىتىنىڭ مۇتلەق يۇقىرى ئەمەسلىكى 3.
.رۇس ئەمەس مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقتىكى نىسبىتىنىڭ ئاساسەن رۇسلار بىلەن تەڭلىشىپ قېلىشى 4.
رۇسلارنىڭ ئۆزىگە شەخسى تەۋە بولغان رۇسىيە زېمىنىنىڭ چوڭلىقى، رۇسىيە زېمىنىغا نىسبەتەن رۇس 5.
.پۇخرالىرىنىڭ نىسبىتىنىڭ يەنىلا ئىنتايىن تۆۋەن ئىكەنلىكى
سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيە تەرەپىنىڭ گورباچېۋ، يەنى كوممۇنىستىك پارتىيىنى ئەمەس، بەلكى بۆلۈنۈش 6.
.تەرەپدارلىرىدىن بولغان يىلتسىننى قوللىشى
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشتىن ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭدىكى ئىتتىپاقداش جۇمهۇرىيەتلەرنىڭ ئايرىم 7.
جۇمهۇرىيەت ئىسمى، جۇمهۇرىيەت بايرىقى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ جۇمهۇرىيەت سالاھىيتىدە
.ئاتالغانلىقى
.ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ يىلتسىننى قوللىشى 8.
.سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇرۇندىنلا تارتىپ پارچىلىنىش تەرەپدارلىرىنىڭ خېلى زور سالماقنى ئىگەللىشى 9.
بۇ توققۇز ئاساسلىق ئامىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسلىق ئامىللاردۇر.
يۇقارىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1- ئامىلدىن باشقىلىرىنىڭ هېچقايسىسىدا خىتاي بىلەن
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوخشاشلىقى يوق. خىتايدا پارچىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان يىلتسىندەك بىرمۇ
.يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار يوق. ھەم بۇ ئەمەلدارنى ھىمايە قىلىدىغان بىرمۇ ئارمىيە-ساقچى يوق
دېمەككى، خىتاينىڭ دېموكراتلىششىنى، پارچىلىنىشنى خام-خىيال قىلىش ھەم ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە
.ئۈمىد كۈتۈش، ئاقىلانىلىك ئەمەس
خىتاي دېموكراتلىششى ئۈچۈن، خىتاينىڭ ئارمىيە-ساقچىلىرى ھاكىمىيەتكە ئارىلاشماسلىقى، خىتاي
كومپارتىيىسىنى ھىمايە قىلماسلىقى كېرەك. ئەمما بۇ مۇمكىنمۇ؟
يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرالدىن تارتىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئەسكەرگىچە، ساقچى، ئىشپىيونلارنىڭ ھەممىسى
كومپارتىيىنىڭ مەقسىدى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سىستېما. كومپارتىيە دەل شۇلارغا تايىنىپ
ھاكىمىيەتكە چىققان، دەل شۇلارغا تايىنىپ ھاكىمىيەتنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. دېمەك، خىتاي كومپارتىيىسى
.ھاكىمىيەتتىن ئۇزاقلىششى ئۈچۈن چوقۇم قورال كۈچىدىن ئۇزاقلىششى كېرەك
تولىمۇ ئەپسۇس، خىتاينىڭ ئارمىيە، ساقچىلىرىنىڭ باشقا پۇخرالارغا قارىغاندا كوممۇنىستىك ئېتىقادى،
خىتاي چوڭ مىللەتچىلىكى ئەڭ ئېغىر. دېمەك، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەتتىن ئۇزاقلىششى يېقىن
.كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىش ئەمەس
مۇبادا يەنە بىر خىل ئېهتىماللىقنى يوق دىمەي، ھەقىقەتەن كومپارتىيە يوقىلىپ، ھاكىمىيەت
دېموكراتلارنىڭ قولىغا ئۆتسە، بىزگە مۇستەقىللىق تېگەمدۇ؟
.ياق
.چۈنكى:1. خىتايلار ۋەتىنىمىزدىن غايەت زور مىللى مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ
.خىتاي چوڭ مىللەتچىلىك غورۇرى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ .
.يۇرتىمىزدىكى خىتايلارنىڭ نوپۇسى خېلى زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ .
.يۇرتىمىزدىكى خىتاي ئارمىيە-ساقچىلىرى پۈتۈنلەي خىتايلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىدۇ ۋە قوغدايدۇ .
.بىز خىتاي بىلەن ئىتتىپاقداش جۇمهۇرىيەت ئەمەس. بەلكى خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى .
بىز مۇستەقىل بولساق، تىبەتمۇ، تەيۋانمۇ، ئىچكى موڭغۇلمۇ مۇستەقىللىق داۋاسى قىلىدۇ، شۇڭلاشقا .
خىتاي مىللىتى ھەرگىز بىزنى مۇستەقىل قىلىشقا ئۇنىمايدۇ، ھەم بىزنى مۇستەقىل قىلىدىغان رەھبەرلىرىنى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



قوللىمايدۇ.

ئۇنداقتا خىتاي دېموكراتلار بىزگە ھەقىقى ئاپتونومىيە بېرەمدۇ؟

ياق.

چۈنكى: 1. ئاپتونومىيە ھوقۇقىدا ئەركىن سۆزلەش، ئەركىن پىكىر بايان قىلىش، مائارىپ، ئىقتىساد، يەرلىك ساقچى قاتارلىقلار بىزنىڭ قولىمىزدا بولىشى كېرەك. ھالبۇكى، ئۆزى مۇستەملىكە قىلىۋالغان خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھۆرلۈك، مۇستەقىللىق تارىخى ۋە مۇستەملىكە، قۇللۇق تارىخىنى ئۆگىنىشى، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى ساقلىشى، ئۆزىنىڭ مائارىپىنى تەرەققى قىلدۇرىشى، كارخانىلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشى، ئۆزىنىڭ يەرلىك ساقچىلىرىنى پەيدا قىلىشى خىتايلار ئۈچۈن زور خەۋپ. بۇ خىل خەۋپنى ئازتولا سىياسەت ئوقۇغان ھەرقانداق خىتاي بىلەلەيدۇ.

چۈنكى بىزگە ئوخشاش، خىتاينىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان، خىتايدىن يات مىللەت بولغان، خىتاي مەدەنىيىتىدىن يات مەدەنىيەتكە تەۋە بولغان خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ مىللى ،دىنى كىملىكىنى ساقلاپ تۇرىۋېرىشى، ھامان بىر كۈنى پۇرسەت بولغاندا بىزنىڭ قۇللۇق تارىخىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئاشكارە ھەرىكەت قىلىشىمىزغا كۈچلۈك ئاساس بولىدىغانلىقى خىتايلارغىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەرقانداق كىشىگە ئىنتايىن ئېنىق.

ئاپتونومىيە بولسا، تارىخ بىزنىڭ قولىمىزدا، ساقچى بىزنىڭ قولىمىزدا، يەر-زېمىن بايلىق بىزنىڭ قولىمىزدا، كان-كارخانا بىزنىڭ قولىمىزدا بولىدۇ. بۇلار دەل خىتاي مىللىتىنىڭ بىزنىڭ ئېرىشىپ كېلىشىمىزنى يوشۇرۇن چەكلەپ تۇرىدىغان ھەق-مەنپەئەتلىرىمىز. بۇلار دەل، پۇرسەت يار بەرسە، بىزنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشىمىزغا ئاساس بولىدىغان تايانچلار.

شۇڭلاشقا، خىتايلار مەيلى گومىنداڭ، مەيلى كوممۇنىست، مەيلى دېموكرات بولسۇن، ھېچقانداق خىتايلار بىزگە ھەقىقى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى بەرمەيدۇ.

خىتاي دېموكراتلىرىمۇ ئوخشاشلا دۆلەت ئارمىيىسىگە تايىنىپ دۆلەتنى پارچىلاش جىنايىتىگە قارشى تۇرىمىز، دېگەندەك باھانىلار بىلەن بىزنىڭ ھەق-مەنپەئەتلىرىمىزنى دەپسەندە قىلىۋېرىدۇ.

مەيلى خىتاي كوممۇنىستلىرى بار بولسۇن-يوقالسۇن، خىتاي دېموكراتلىرى بولسۇن-بولمىسۇن، بىزنىڭ ھەقىقى ئىنساندەك ياشاش ھەق-مەنپەئەتلىرىمىز ئۆزلۈكسىز خىتاي ئارمىيىسى، خىتاي مىللىتى، خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ئۇچراۋېرىدۇ.

خىتاي ئارمىيىسى پۇرسەت بولسىلا، ئاپتونومچىلار ياكى مۇستەقىلچىلار بولسۇن، ئۆز خەلقىنىڭ ئىنسانى ھەق-مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان ھەرقانداق قەھرىمانلىرىمىزنى، ئالىملىرىمىزنى، سىياسىيونلىرىمىزنى بەرىبىر بۇرۇنقىدەكلا دۆلەتنى پارچىلاش جىنايىتى سادىر قىلدى، دەپ تۇتقۇن قىلىۋېرىدۇ. ۋەتەن ساتقۇچ خائىنلارنى، مۇناپىقلارنى ئۆستۈرىدۇ. بۇ مۇناپىقلار خىتاي غوجىسى ئۈچۈن ئۆز مىللىتىنى سۆيىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەرنى بۆلگۈنچى قىلىپ چاقىدۇ. دېموكرات خىتايلارمۇ خىتاي كوممۇنىستلىرىغا ئوخشاش ئاشكارە سورۇنلاردا، خەلقالەم ئالدىدا «ئاپتونومىيە بەردۇق» دېگەن بىلەن، ئاستىرىتتىن ۋەتەنپەرۋەرلەرنى بىرمۇ-بىر مەخپىي، كەڭ-كۆلەملىك تازىلايدۇ.

مۇبادا ھەقىقەتەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، خىتايلار مۇشۇنداق يالغانچىلىق بىلەن بىزنى خۇپىيانە تازىلاشنى باشلىسا، بىز نېمىگە تايىنىپ ئۆزىمىزنى قوغدايمىز؟

ئۆزىمىزنىڭ خىتاي ھۆكۈمەت-ئارمىيىسىگە بېقىنمايدىغان مىللى قوراللىق قوشۇنىمىز ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قوغدايمىز. دېمەك، ئەڭ ئاخىرىدا يەنىلا خىتاي ئارمىيىسى بىلەن مىللى قوراللىق قوشۇنىمىز ئارىسىدا مۇقەررەر قوراللىق توقۇنۇشتىن ساقلىنالمايمىز.

يۇقارىقى تەھلىللاردىن شۇنى يەكۈنلەش مۇمكىنكى: خىتاينىڭ پارچىلىنىشى ۋە ياكى دېموكراتلىششى سەۋەبىدىن بىزنىڭ مۇستەقىللىقىقا ۋە ياكى ھەقىقى ئاپتونومىيىگە ئېرىششىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس! بىز خوڭكوڭ، تەيۋەن، ئاۋمىنلارغا ئوخشىمايمىز. بىز خىتاي ئەمەس. خىتاي بىز ئۈچۈن تاجاۋۇزچى. خىتاي ئارمىيىسى بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە بولىدىكەن، بىز ھەرگىزمۇ خوڭكوڭ، تەيۋەن، ئاۋمىنلار ئېرىشكەنچىلىكمۇ ھەقىقى دېموكراتىيە، ھەقىقى ئاپتونومىيىگە ئېرىشەلمەيمىز.

دېمەك، بىرىنجى كۆز-قاراشقا نىسبەتەن بولغان مۇھاكىمىدىن يەكۈن شۇكى:

خىتاي كومپارتىيىسى پات ئارىدا تەختتىن چۈشمەيدۇ.

خىتاي كومپارتىيىسى تەختتىن چۈشكەن تەقدىردىمۇ، دۆلەت پارچىلانمايدۇ.

مەيلى دېموكراتلار، مەيلى كوممۇنىستلار بولسۇن بىزنىڭ مۇستەقىللىق، ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقلارغا ئېرىششىمىزنى ئاشكارە، ماھىيەتلىك چەكلەيدۇ.

ئۇلار ۋەتىنىمىزدىكى خىتايلارنى ۋە خىتاي ئارمىيىسىنى ئۆزى خالاپ ئېلىپ چىقىپ كەتمەيدۇ.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



بىرىنجى كۆزقاراشقا ئاساسەن، يېقىن كەلگۈسىدىلا ئەمەس بەلكى ئۇزۇن كەلگۈسىدە ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى .
.قولغا كەلمەيدۇ
.ئەمدى بىز ئىككىنجى خىل كۆز-قاراشقا قاراپ باقايلى
ئىككىنجى، خەلقارا جەمىيەت ئارىلىشىپ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەش
.ھوقۇقىمىزنى بېرىدۇ
بۇ راستمۇ؟
ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەققى، دېگەنلىك مۇستەقىللىق دېگەنىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. مۇبادا بىز ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەيمىز، يەنى مۇستەقىل بولۇشنى خالايمىز، دېسەك. كىم بىزنى قوللايدۇ؟
.ئەڭ چوڭ ئېھتىماللىق، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى
بۇ خىل ئېھتىماللىقنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى يېرىمىدىن جىق دۆلەتلەر بىزنى قوللىشى. ئەڭ كەمدە، ئاساسلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر بىزنى قوللىشى كېرەك. يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسى جۇغراپىيىسىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئۈچ كۈچتىن ئىككىسى بىزنى قوللىشى كېرەك. ۋە ياكى بىزنى قوللايدىغان كۈچلەرنىڭ ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى كۈچى بىزنى قوللىمايدىغان تەرەپنىڭ .ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى كۈچىدىن كۆپ ئېشىپ چۈشىشى كېرەك
ئۇنداقتا بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىمىزدە، قايسىخىل كۈچنىڭ ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى تەسىرى ۋەتىنىمىز، ئوتتۇرا ئاسىيانى كونترول قىلىپ تۇرىۋاتىدۇ. بۇ كونتروللۇق دەل خىتاي. ئاندىن قالسا رۇسىيە. .ئاندىن قالسا ئامېرىكا
بىزنى قوللىشى مۇمكىن بولىدىغان كۈچلەر، ئامېرىكا ۋە ياكى رۇسىيە بولىشى مۇمكىن. ۋە ياكى ئامېرىكا .بىلەن رۇسىيە تەڭلا قوللىشى مۇمكىن
ئۇنداقتا بۇ ئۈچ خىل مۇمكىنچىلىكنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى نىسبىتى قانچىلىك؟
.بىز ئەڭ ئاۋۋال ئامېرىكىنىڭ بىزنى قوللىشى توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى
بىرىنجى مۇمكىنچىلىك، ئامېرىكىنىڭ بىزنى قوللىشى
ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئارمىيىسى ئارقىلىق بىزنىڭ ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەش ھەق-مەنپەئىتىمىزگە :ئېرىششىمىزنى قوللىشى ئۈچۈن
ۋەتىنىمىزگە چېگرىداش بولغان دۆلەتلەردىكى ئامېرىكىنىڭ ھەربى، ئىقتىسادى، سىياسى كۈچى خىتاي، .
رۇسىيىنىڭ ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى كۈچىنى كۆپ ئارقىدا قالدۇرۇشى ۋە ياكى ئۇلارنى بۇ رايونلاردىن پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ بۇ رايونلاردىكى ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى تەسىرىنى .كۈچەيتىش كېرەك
ۋەتەن سىرتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرخىل شەكىلدىكى ئۈزلۈكسىز كۈچلۈك داۋاملاشقان سىياسى، تەشۋىقات .
.پائالىيەتلىرى بولۇشى، دۇنيانىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك
.ۋەتىنىمىزدە خىتايغا قارشى قانلىق توقۇنۇش، قانلىق ئىنقىلاب پارتىلىشى كېرەك .
ئامېرىكا رۇسىيە، خىتاينىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى يادرو ئورۇشى، سىنارەد ئۇرۇشى، ھاۋا ئۇرۇشلىرى، ..
.ئىقتىسادى ئۇرۇش، سىياسى ئۇرۇشلىرىغا بىۋاستە تاقابىل تورالايدىغان بولۇشى
ئامېرىكىنىڭ بىزنى قوللاش ئارقىلىق بىزدىن ئېرىشىدىغان ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى پايدىسى رۇسىيە ..
.ۋە خىتاينىڭ ئامېرىكىغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىدىن كۆپ يۇقىرى بولۇشى كېرەك
خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ قوراللىق قارشىلىق ھەرىكىتىنى باستۇرسا، ئامېرىكىنىڭ بېسىمى بىلەن بىزنىڭ ئۆز . تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەش ھەققىمىزنى بەرمىسە، ئامېرىكا ئارمىيىسى ئاشكارە خىتايغا قارشى .ھۇجۇمغا ئۆتۈشى كېرەك
مانا بۇ ئالتە شەرت-شارائىت بىرلەشكەندىلا ئاندىن بىزنىڭ ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەش ھەققىمىزنى، ئامېرىكا، خەلقارا جەمىيەت ئېتىراپ قىلىدۇ. ۋە بىزنى قوللايدۇ. ئاندىن تىنچلىقنى ساقلاش قىسىملىرىنى ئەكىرىپ، دىپلوماتىك سەھنىلەردە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەققىمىزنى تىلغا ئېلىشى .مۇمكىن
ھالبۇكى يۇقارىقى ئالتە ئامىلدىن ھازىرچە ئىككىنجى ئاملنى ئانچە-مۇنچە شەكىللەندى، دېگەن تۈزۈك. .قالغان بەش ئامىل ئاساسەن شەكىللەنمىدى
ئىككىنجى مۇمكىنچىلىك، رۇسىيىنىڭ بىزنى قوللىشى
:رۇسىيىنىڭ بىزنىڭ ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەش ھەققىمىزنى قوللىشى ئۈچۈن
.خىتاي رۇسىيىگە ئېغىر ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى تەھدىد ئېلىپ كەلگەن بولۇشى .

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



.ئۇيغۇرلارنىڭ رۇسىيە ۋە دۇنياغا قارىتا ئېلىپ بارىدىغان سىياسى-تەشۋىقاتلىرى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك .
.رۇسىيىنىڭ ئومۇمى ھەربى، ئىقتىسادى، سىياسى كۈچى خىتايدىن كۆپ ئۈستۈن بولۇشى كېرەك .
.ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدە خىتايلارغا قارشى توقۇنۇش، ئىنقىلاب پارتىلىشى كېرەك .
رۇسىيە ئامېرىكا ۋە خىتاينىڭ بارلىق سىياسى، ھەربى، ئىقتىسادى زەربىلىرىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان .
.بولۇشى كېرەك
بىز رۇسىيىگە خىتايلارنىڭ رۇسىيىگە بېرىدىغان مەنپەئەتلىرىدىن جىقراق مەنپەئەت بېرىشىمىز. شۇنداقلا .
.تارتقان زىيىنىدىن جىق مەنپەئەت بېرىشىمىز كېرەك
يۇرتىمىزدىكى قوراللىق توقۇنۇشنى خىتايلار باستۇرسا، رۇسىيە ئاشكارە خىتايغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈشى .
.كېرەك
.دېمەك يۇقارىقى 7 شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك. ھالبۇكى بۇ 7 شەرتلەرنىڭ ھېچقايسىسى ھازىرلانمىدى
ئۈچىنجى مۇمكىنچىلىك، ئامېرىكا ۋە رۇسىيىنىڭ بىزنى بىرلىشىپ قوللىشى
:ئامېرىكا ۋە رۇسىيىنىڭ بىزنى قوللىشى ئۈچۈن
.خىتاي ئامېرىكا ۋە رۇسىيىگە ئېغىر ھەربى، ئىقتىسادى، سىياسى تەھدىد ئېلىپ كەلگەن بولۇشى .
.خىتاينىڭ ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى ئومۇمى كۈچى ئامېرىكا ۋە رۇسىيىدىن كۆپ تۆۋەن بولىشى .
ئامېرىكا ۋە رۇسىيە خىتاينىڭ بارلىق ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى زەربىلىرىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان .
.بولۇشى كېرەك
.ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقاراغا قارىتا سىياسى تەشۋىقاتى كۈچلۈك بولۇشى .
.ۋەتەندە خىتايغا قارشى كەڭ كۆلەملىك توقۇنۇش ۋە ياكى قوراللىق ئىنقىلاب پارتىلىشى .
ئامېرىكا ۋە رۇسىيە بىزنى قوللاش ئارقىلىق بىزدىن ئېرىشىدىغان پايدىسى خىتاينىڭ ئامېرىكا ۋە رۇسىيىگە .
بېرىدىغان پايدىسىدىن جىق بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا ئامېرىكا ۋە رۇسىيىنىڭ چىقىمىدىن جىق مەنپەئەت
.بېرىشىمىز كېرەك
ۋەتەندە خىتايلارغا قارشى توقۇنۇشنى خىتايلار باستۇرسا ئامېرىكا ۋە رۇسىيە خىتايغا قارشى ئاشكارە ھەربى .
.ھۇجۇم قىلىشى كېرەك
بۇ شەرت-شارائىتلارمۇ ھازىرلانمىدى. ئەمما نۆۋەتتىكىدەك شارائىتتا ئامېرىكا ۋە ياكى رۇسىيىنىڭ بىرلىشىپ
ۋە ياكى ئايرىم-ئايرىم خىتايغا قارشى ئاشكارە كەڭ كۆلەملىك ھەربى ھەرىكەت قوللىنىشى ئەسلا مۇمكىن
.ئەمەس
.چۈنكى:1. ھازىر خىتايلار ئامېرىكا ۋە رۇسىيىگە زور مىقداردا ئىقتىسادى جەھەتتىن مەنپەئەت بېرىۋاتىدۇ
.ئامېرىكىمۇ، رۇسىيىمۇ خىتاي بىلەن ئاشكارە كەڭ-كۆلەملىك قوراللىق توقۇنۇشقا ئۆتۈشنى خالىمايدۇ .
ئامېرىكا، رۇسىيە، خىتايلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولغان تەقدىردىمۇ، بۇلار ھەرگىز بىر-بىرىگە كەڭ .
.كۆلەملىك ھۇجۇم قىلغۇدەك دەرىجىدە ئېغىر ئەمەس
:يۇقارىقى ئۈچ خىل مۇمكىنچىلىك توغرىسىدا يۇرگۈزگەن تەھلىلىمىزدىن شۇنى بىلەلەيمىزكى
.رۇسىيە ۋە ياكى ئامېرىكا يېقىن كەلگۈسىدە بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ماھىيەتلىك ياردەم قىلمايدۇ .
.ئۇلار ئۇيغۇرلارنى كوزىر قىلىپ، خىتايدىن تېخىمۇ زور ئىقتىسادى مەنپەئەت ئېلىش مەقسىدىدە .
.ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيدىكى ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى تەسىرى خىتايدىن تۆۋەن .
ئەگەردە ئۇلار بىزگە ھىسداشلىق قىلغان، ياردەم قىلغان تەقدىردىمۇ يۇقارىقى تەھلىللەردە ئېيتىپ
ئۆتكىنىمىزدەك ئۆزىمىزنىڭ قوراللىق كۆرىشىمىزنىڭ دەرىجىسىنى، ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى مۇھىم
« .ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. «خەقنىڭ جېنى، ئىتنىڭ جېنى
ئۇ ئۈچ چوڭ ئەجدەرھا بىر-بىرىنى چىشلەشسە ھەرگىز ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىشىدۇ. ئۇلار
دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بىزگە ئوخشاش ئاجىز مىللەتلەرنى ئىقتىسادى، ئىجتىمائى، ھەربى
.جەھەتتىن تالان-تاراج قىلىپ ئۆزىنى سەمرىتىدۇ. بۇ بىر ئەمەلىيەت
:يەكۈن شۇكى
تىنچ يول بىلەن ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز بەلگىلەش ھەققىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش يېقىن كەلگۈسىدە .
.ئىشقا ئاشمايدۇ
.بىزنىڭ يۇرتىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۈچ سېلىشتۇرما تەڭپۇڭلۇقىدا خىتاينىڭ كۈچى ھەممىدىن زور .
.ئامېرىكا، رۇسىيە بىزگە يېقىن كەلگۈسىدە ماھىيەتلىك ياردەم بەرمەيدۇ .
.ئەمدى بىز يەنە بىر تەشەببۇسنى كۆزدىن كەچۈرۈپ باقايلى
.ئۈچىنجى، خىتاينىڭ ئىچىدە ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كۆرىشى
خىتاي دېموكراتلىرى قىسمىدا ئاپتونومىيە توغرىلىق ئاللىقاچان سۆزلىدۇق. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئاپتونومىيە

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



قانۇنى، خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ ئىلان قىلغان قانۇنى بولغىنى بىلەن، ئەمما بۇ ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ماھىيىتىنى خىتايلار بىزدىن بەكرەك چۈشىنىدۇ.
خىتاينىڭ نەزىرىدە مۇستەقىلچىلارمۇ، ئاپتونومچىلارمۇ بەرىبىر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق: مۇستەقىلچىلار ئاشكارىلانغىنى، ئاپتونومچىلار ئاشكارىلانماقچى بولغىنى.
دېمەككى، بىزنىڭ ۋەتەن ئىچىدە ئاپتونوم قانۇنىنى ئىجرا قىلىپ بەرسۇن، دېيىشىمىزگە خىتاي ئاشكارە قارشى چىقمايدۇ. ماقۇل، دەيدۇ.
كېيىنچە بىزگە ھەرتۈرلۈك قىسماق قۇردۇ. ئاپتونومچىلارنى يىنىك بولغاندا قۇرۇق ئۈستەڭگە مىراپ قىلدۇ. ئېغىر بولغاندا ئىجتىمائى، ئىقتىسادى جەھەتتە رىجىمغا ئالدۇ. ھەتتاكى تۈرمىلەرگە تاشلايدۇ. دېمەك، ھەرقانداق ئاپتونومچى، خىتاينىڭ نەزىرىدە خەتەرلىك ئۇنسۇر. ھەرقانداق ئاپتونومچى، نازارەت ئاستىغا ئېلىنىدىغان ئۇنسۇر. ھەرقانداق ئاپتونومچى، ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن زەربە بېرىلىدىغان ئۇنسۇر.
بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى، 80- يىللاردىكى ئاپتونومچىلار ھىمايە قىلىدىغان ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن خىتايلار ھىمايە قىلىدىغان تۆمۈر داۋامەتنىڭ كىمنىڭ ئاپتونوم رايونغا رەئىس بولۇش مەسلىسىنىڭ ھەل بولۇش شەكلى، دەل خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئاپتونومچىلارغا بولغان سىياستىنىڭ شەكلى. تۆمۈر داۋامەت رەئىس بولدى. ئىسمائىل ئەھمەد بېيجىڭدا مىللى ئىشلار كومىتېتىغا رەئىس بولدى. (بۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى دىلى لېچۈننىڭ ئەسلىمىسىدىن كۆرۈڭ.)
دېمەك، ۋەتەن ئىچىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش تەشەببۇسىنىڭ بىردىن-بىر نەتىجىسى شۇ تەشەببۇسچىلىرىمىزنىڭ سىياسى-ئىقتىسادى جەھەتتە زەربىگە ئۇچرىشى، خىتاي تۈرمىسىگە كىرىشى، ھاياتىدىن ئايرىلىشى.
خىتاي ھۆكۈمىتى ئادەم ئۆلتۈرگەنگە ھېرىپ قالىدىغان ھۆكۈمەت ئەمەس. بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھەرخىل شەكلى بولىدۇ. بەزىلىرى قاتناش ھادىسىسىدە ئۆلىدۇ(مەسلەن، ۋەتىنىمىزدىكى ئاتاقلىق دىنى ئەرباب، مۇجاھىد قاغىلىق جامەئەسىنىڭ ئىمامى ھۆرمەتلىك ئابدۇلكەرىم مەخسۇم). بەزىلىرى داۋالاش جەريانىدا ئۆلىدۇ. بۇلار پەقەت سەل رەڭ بېرىلگەنلىرى. ئەمدى ئاشكارىلىرىغا قارايدىغان بولساق، يەنى، پەقەت نەچچە سوملىق تاپانچا ئوقىدىن بىرنى ئېتىپلا، نەچچە ئون مىليون ئۇيغۇرنىڭ غېمىنى قىلىۋاتقان، بىز ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلالايدىغان، بىز ئۈچۈن نەقەدەر سۆيۈملۈك بىر ۋەتەنپەرۋەرنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىدۇ. تېخى خىتايلار شۇ ئوق پۇلىغىمۇ قوسىقى ئاغرىپ، ئۇنى شۇ ۋەتەنپەرۋەرنىڭ ئۆيىدىن ئالىدۇ. بۇ ۋەتەنپەرۋەرلەرنى كېيىنكى ئەۋلاتلارغا ئىنتايىن جىق قارىلىتىدۇ.
ھازىرغىچە 60 يىللىق تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئىچىمىز قان-زەرداپلارغا تولۇق كېتىدۇ. شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، خىتايلارنىڭ 60 يىلدىن بېرىقى بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز، ئادەتتىكى ئاۋام پۇخرالارنى سىياسى سەۋەب، زۇلۇم بىلەن ئۆلتۈرگەن سانى 500 مىڭدىن كەم ئەمەس. تۈرمىدە قېيىن-قىستاقلارغا ئۇچرىغانلار سانى نەچچە مىليون.
شۇنچىۋالا قىرغىنچىلىقنىڭ ھېچبىر ئىس-بۇسىنى خەلقاراغا چىقارمىغان، خەلقىمىزنىڭ ئېسنى شۇنچىۋالا جىق يۇيىۋېتەلىگەن خىتايلار. ئەمدى بوگۇنكى ئاپتونومچىلارغا ئادىل مۇئامىلىدە بولارمۇ؟ خىتايغا نىسبەتەن نامايىش قانچە جىق بولۇپ بەرسە شۇنچە ياخشى. ئاپتونومچى قانچە جىق بولۇپ بەرسە شۇنچە ياخشى. ئۇلارنى بۆشۈكىدىلا تونۇۋېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا ئىس-بۇسىنى چىقارماي ئوجۇقتۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ.
خىتاينىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى ئارمىيىسى ھەرقانداق باھانە-سەۋەب بىلەن يۇرتىمىزدىلا بولىدىكەن. ھەرقانداق ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكى، مەدەنىيىتى كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. بولۇپمۇ ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتىنى، ئىقتىسادىنى، بىخەتەرلىكىنى قوغدىماقچى بولغان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ ئالدى بىلەن زەربە بېرىش ئوبيېكتى.
دېمەك، ۋەتەن ئىچىدە ئاشكارە ئاپتونوم دەۋاسى قىلىش ئىنقىلابچىلىرىمىزنى زەربىگىلا ئۇچرىتىدۇ.
بۇلاردىن شۇنى يەكۈنلىيەلەيمىزكى:
خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇر ئاپتونومچىلارغا قارىتا ئاشكارە قارشىلىق بىلدۈرمەيدۇ.
خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇر ئاپتونومچىلارغا قارىتا مەخپى بوھتان چاپلاش، تازىلاش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ.
ئاپتونوم ئىددىيىسىنىڭ تېخىمۇ جىق كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا سىڭىشىگە خىتاي كوممۇنىستلىرى ھەرگىز يول قويمايدۇ.
خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇر ئاپتونومچىلار بىلەن مۇستەقىلچىلارنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى يوق. پەرقى پەقەت شەكىلدە ۋە دەرىجىسىدە.
خىتاي ئىچىدە ئاپتونوم دەۋاسى قىلىپ ھەققى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



.ئەمدى يەنە بىر خىل كۆز-قاراشقا ئۆتەيلى
.تۆتىنچى، يا ئىستىقلال، يا ئۆلۈم يولى
بىرىنچى باسقۇچتا، ۋەتەننى ئازاد قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ھەرقانداق كىشى خىتاي كۆچمەنلىرىگە ھەرخىل ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق خىتاي كۆچمەن نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش، خىتايلارغا ۋەھىمە .سېلىش
.ئىككىنچى باسقۇچتا، خىتايلار بىلەن بىۋاستە ئۇرۇش قىلالايدىغان ھالەتكە كېلىش
.ئۈچىنچى، باسقۇچتا، مىللى ئارمىيە تەشكىللەپ خىتاي بىلەن كۆرەش قىلىش يولى
بۇ يولنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىشتىن ئىلگىرى بۇ خىل تەشەببۇسنىڭ ئەمەلگە ئېشىش .مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈپ باقايلى
:يۇقارىقى تەشەببۇس ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن
.ۋەتەننى ئازاد قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ئادەملەر ئىنتايىن جىق بولۇشى كېرەك .
.ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۆلتۈرۈلۈپ تۈرسىمۇ چوقۇم بۇ كۆرەش ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى كېرەك .
ۋەتەن ئىچىدە ۋەتەننى ئازاد قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ئادەملەر جىقمۇ؟
ھازىرچە، ۋەتەننىڭ ئازاد بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم جىق. لېكىن ھەقىقى ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش جاسارىتىگە كەلگەن ئادەم جىق ئەمەس. بۇ جاسارەتكە كەلگەن ئادەملەرنىڭ دۈشمەنگە كۆچلۈك زەربە بېرىش ئىقتىدارى ئاساسەن يوق دىيەرلىك. دۈشمەنگە زەربە بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى ۋە شارائىتى يوق. شۇنداقلا بۇلارغا تېخىمۇ زور دەرىجىدە يارىدەم بېرىدىغان ياكى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قېتىلىدىغان كۆچ ۋە ئادەملەر ئىنتايىن ئاز. دۈشمەن ھەربىر ئادەم، ھەربىر ئۆي، .ھەربىر مەھەللە، ھەربىر يېزا، ھەربىر ناھىيە شەھەرلەرگىچە نازارەتتە
شۇڭلاشقا ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ خىل تەشەببۇس تېخى بىرىنجى باسقۇچقىمۇ ئۆلاشمىدى. مۇبادا 2008- يىلى قەشقەر، كۇچادىكى قەھرىمانلىرىمىز دۈشمەن قولىغا چۈشمىگەن بولسا، ئۇلارغا ئەگىشىپ يەنە نەچچە مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىز ھەرجاي-ھەريەرلەردە دۈشمەنگە زەربە بېرىشنى باشلاپ كەتكەن بولسا، بەلكىم بۇ خىل تەشەببۇسنىڭ بىرىنجى باسقۇچى ئەمدىلا باشلاندى دېيىش .مۇمكىن ئىدى
:دېمەك بۇ كۆز-قاراشتىن ۋە ئەمەلىيەتتىن شۇنى يەكۈنلىيەلەيمىزكى
نۆۋەتتىكىدەك ھەربى، سىياسى، ئىقتىسادى جەھەتتە ئاجىز ھالەتتىكى خەلقنىڭ ئىچىدە دۈشمەنگە . .زەربە بېرەلەيدىغانلار ئاز
.يۇقارىقى قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇلايدىغانلار يوق دىيەرلىك .
.دېمەك يېقىن كەلگۈسىدە بۇخىل كۆز-قاراشنىڭ ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس .
بىز يۇقارىدا ۋەتەننىڭ ئازادلىق يولىدىكى تۆت خىل تەشەببۇس، كۆز-قاراشلار توغرىسىدىكى ئىلمى سەۋەبلىك، پاكىتلىق مۇلاھىزىلىرىمىزنى بىر قۇر بايان قىلىپ ئۆتتۇق
.

دۇق نىڭ شۇئارى نىمە

ئۇيغۇر تىلىمىزدىكى ئەركىنلىك، ھۆرلۈك، ئازاتلىق سۆزى «دىموكراتىيە» دەپمۇ ئاتىلۋاتىدۇ. «دىموكراتىيە» گىرىكچە «دىموكراتىئە» دىن كەلگەن. شەخسىنىڭ ئەمەس خەلقنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا تايانغان دولەت .تۈزۈمىنىڭ ئاساسى قانۇنى - ئۇلى دىمەكتۇر
ھەركىمنىڭ ھەر تۈرلۈك چۈشەنجىسىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، چەكلىمەيدىغان، خەلققە توغرا-خاتا، راس-يالغان، گۈزەللىك-سەتلىكنى ئۆزلىرىنىڭ ئايرىۋېلىشىغا ئىمكان بىرىدىغان تۈزۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرشمەكچى بولغان مۇستەقىل ۋەتىنىنىڭ باش پىرىنسىپى، ئاساسى قانۇنىدۇر. تەشكىلاتلارنىڭ نىزامنامىسى بۇنىڭغا .تايىنىشى كېرەك ئىدى. بىراق بىزدە بۇنىڭ سۇنىقىمۇ تېپىلماي كەلدى
دۇق نىڭ شۇئارى: «دۇنيادا دۇق دىن باشقا تەشكىلات بولماسلىقى كېرەك، ھەممە تەشكىلات ئۇنىڭ قول ئاستىغا مەركەزلىشىشى شەرت»« رابىيە مەنىۋى ئانىغا تەنقىت بىرىش-ئانىغا ھاقارەت قىلىش»بۇ قانداق مەنتىق، قانداق شۇئار، ئۇ توغرىمۇ؟ -خاتا. چۈنكى بۇ شۇئار دۇنيانىڭ ھېچ-بىر دۆلىتىدە قوللۇنۇلمايدۇ.

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



هازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ ئەركىنلىك قارىشىغا، مۇستەقىللىق كۆرىشىمىزنىڭ پىرىنسىپىغا،دىموكراتىيەگە سىغمايدۇ. دىموكراتىيە يوق خىتايغىلا سىغىدۇ. چۈنكى ئۇ شۇئارمادە ئىن چىنا -خىتاي مەھسۇلاتى.
مۇستەقىللىق كۆرىشىمىزنى تېخىمۇ خەتەرلىك بولغان شەخسىنىڭ ھاكىممۇتلەق ماناپوللىقىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلىقتۇر. ئايالىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقىنى خالىمايدىغان خىتاي ۋە خەلقارا كۈچلەر، گوروھلار .تەرىپىدىن ماسلىشىپ قوللونىلىۋاتقانلىقى ھەركىمگە بىلنگەن پاكىتتۇر
خىتاي كونترولى ئاستىدىكى دۇق ئومۇميۈزلۈك ئىپلاسلىقلارغا كۆمۈلدى. چەتەللەردە ئوخشىمىغان پىكىردىكىلەرنىڭ ئۇئائا توربىتىگە ۋە رف ئا دا ئىلان قىلىنىپ كىلىۋاتقان سىدىق ھاجى روزى، پەرھات مەھەمىدىلارنىڭ ئۇستۇلۇق ئاربىلاشتۇرۇپ ئىلان قىلىۋاتقان ۋەتەن ساتقۇچلۇق  ئوبزورلىرىغا ھىچكىمنىڭ رەددىيە بىرىش ھوقۇقى يوق. راستچىل، سەمىمى ئوكتىچىلەرنىڭ كومپيۇتىرلىرى ئۇئائا غا كىرىش .چەكلەنگەن
شۇنىڭغا قارىماي ئۇلار ئۇيغۇرلارنى خىتايدا كومپيۇتىرغا كىرىشى چەكلەنگەن دەپ ئۆزلىرىنىڭ خىتاي قولدا ئىكەنلىكلىرىنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمايدۇ. ئىتالىيەدە مىڭغا يىقىن پارتىيە بار. تۈركىيە، قىرغىزىستانلاردا پۇخرالار دۆلەت رەئىسىگە قارشى پىكىر بىرىش، رەددىيە بىرىش، ئەرز قىلىش ھەقلىرىگە ئىگە. خىتاي تۈرمىدىن قويۇپ بەرگەن رابىيەنى مەنىۋى قىلىپ قويغان ئەركىن ئەيسانىڭ قول ئاستىدىكى دۇق دا ئىش مىڭ يىل بۇرۇنقى ۋاھابىلىق تۈزۈمىدىنمۇ قاتتىق خىتاي تۈزۈمى بارلىقى ھەممىگە ئايان. سەۋەپ ئۇلار خىتايغا تايانغان. راس گەپ قىلغانلارنى ئۇلار خىتايغا بىر ئۆتەككە ئىككى پۇتۇڭنى تىقىپ ئېۋەتىپ بىرىمىز دىيەلەيدىغان دەرىجىدە ئاشكارە خىتاينى كۆرسۈتۈپ ئادەم قورقۇتماقتا. دەرۋەقە ئۆكتىچى يامان ،ئۇيغۇردىن بىرمۇنچەيلەن ئۆلتۈرۈلدى.تۆھمەتكە،ئۇرۇق-تۇققانلىرى زىيانكەشلىككە، ئۆزلىرى سۈيقەستكە ئۇچرىدى. ئون نەچچە يىلدىن بىرى ئۇلارنىڭ ۋەتەن بىلەن تىلفۇن خەت-ئالاقەسى چەكلەندى. ئەمدى 4،5 ئايدىن بىرى .بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ چەكلەندى . بۇ فاشىستلىق داۋام قىلمقتا
ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆزمەيلى گەپلىرى، قىلىشىدىغان شىكايەتلىرى، خىيالى تېلەكلىرى، شاش ھەۋەسلىرى بولىدۇ. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە بىمالال ئىرىشەلمەيدىغان ھەقلىرى ئىدى. ئەركىن دۇنيادا-دىموكراتىيەگە ساھىپلىق قىلىۋاتقان چەتەللەردىمۇ ئۇيغۇر نامىنى سۈيىستىمال قىلىپ قۇرۇلغان تەشكىلات دۇق ۋە ئۇنىڭ ئاخبارات قۇرالى ئۇئائا،ر ف ئا  مەسۇللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقارقى ھەقلىرىنىمۇ ئاياق-ئاستى قىلىپ ئۇلارنى ئاخبارات ساھائىسىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ساتقۇنلۇقلىرىغا قارشى ئىسيان قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ بەل تۆۋىنىدىكى ئەزالىرىنى تۇتۇپ ئۇئائا قاتارلىق توربەتلىرىگە چاپلاپ كۆرگەزمە ئاچتى. .كىشىلىك ھوقۇق، شەخسى ھاياتقا بۇزغۇنچىلىق قىلدى
ساتقۇنلۇقلىرىغا پۇتلاشقانلارنىڭ شەخسى ھاياتىغا چىقىلىپ ئۇلانى سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنساڭ بولامدۇ؟ شەخسى ھايات قالمىغان يەردە دىموكراتىيە قالامدۇ؟ شۇنىڭغا قارىماي ئۇلار خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىدۇ.كومپيۇترغا كىرىشنى چەكلەيدۇ دەپ ئېلان قىلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ خىتايدىنمۇ بەتتەر ئىكەنلىكلىرىنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرمايدۇ. بۇلارنىڭ يالاقچىلىق بىلەن بەك يىقىن مۇناسىۋەتلىك .ئىكەنلىكىنى تۆۋەندە كۆرىسىز
يالاقچىلىق ھەققىدە
يالاقچىلىق يالىماقتىن كەلگەن. تېخىمۇ توغرىسى يالاق - يالاقكەش. قەدىمدە ئۇيغۇرلاردا يالاقچىلىق يوق ئىدى، سۆزگە-سۆز كەلسە ئاتاڭدىن قايتمادىگەن ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى ئوغۇزنامە بىلەن تەڭ تارىخقا ئىگە. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئەركىنلىك-دىموكراتىيە شۇئارىدۇر. يالاقكەشلىك -خىتايدىن ئۇيغۇرلارغا يۇققان ئىپلاسلىق. ئاخىردىكى لىك،لىق لار ئارتۇق ئوسال بولماسلىق ئۈچۈن قەلەمكەش لەرنىڭ ئىلاۋە قىلىۋالغان قوشۇمچىسى. يەنى يالاقكەشلىك، يالاقچىلىق. مەسلەن ئۇق سەھنىسىدىن بىر يالاقكەش لىك .كىدە ئوتۇپ كەتتى. دۇق غا يالاقچى لىق تولغان
لوغەتتىكى سۆزلۈكلەرنىڭ مەناسىغا قارىغاندا يالاقچىلىقنىڭ يىشمى مۇنداق:يالاق، يالا، يالىما، يالىۋەتتى، يالام يالاقچى، يالاقكەش، يالىغۇچى، يالاقلىق، يالىماقچى، يالىۋالدىغان، يالاۋىرىدىغان، يالامدىغاندۇ، يالىغانمىدۇ،يالاۋەرگەن، يالىدى، يالىغان، يالاۋاتىدۇ، يالايدۇ، يالىۋەتكەن، يالىۋەتتى، يالاۋاتقان، يالىغاق، .يالايدىغان، يالاپ كەتكەن... قاتارلىقلار
مۇستەقىل ئويلىيالمايدىغان، ئۆز پىكرى-قاراشلىرى،مەۋقەسى بولمىغانلار يالاقچىلىققا مەھكۇمدۇر. ئۇلارنىڭ خائىنشلىرى باشقىلار تەرىپىدىن، مەنپەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ.ئۇلار جاللۇنۇلغان كوزۇرلار. ياغاچ قورچاق، .شاتۇتىلار
يالاقچىلىق ئۈچۈن ئىككى نەرسە كۇپايە؛ بىرىنجىسى يالىيالايدىغان تىل بولۇشى ...ئىككىنجىسى ئۇنى قوللۇنۇش. ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلاردا يالاقچىلىق 92-يىل قۇرۇلتاي غەلبىسىدىن كىيىن ئەۋج ئالدى.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى



ختاي قىنى ئارىلاشلار ماختىلىشقا باشلىدى. مىساللار سىز ئوقۇرمەنلەرگە هاۋالە قىلىندى، ئۇنى بىزگە
يوللاڭ ياللاقچىلىقنىڭ مىساللىرنى كىيىنكى نۆۋەت ئىلان قىلىمىز . ياللاقچىلىقتا تىل يىتەرلىك دەرىجىدە
ئۇزۇن ۋە يالاش كەسپىنى ئىگەللىگەن بولسىلا تىلىنىڭ بارمايدىغان يىرى قالمايدۇ، ھىچقانداق چەكلىمگە
ئۇچرىمايدۇ. كەسپىي ياللاقچىلىق ئاساسەن قەلەمگە تايىنىدۇ. ئۇمۇ يەتمىگەندە قالپاق ،توقماق ۋە ھاقارەت-
تۆھمەتلەرمۇ ئىشقا سىلىنىدۇ. كەسپىي ياللاقچىلىقنىڭ مىساللىرىنىمۇ سىزگە هاۋالە قىلدۇق. ئۇنى بىزگە
. يوللاڭ ياكى بۇ يەردە ئىلان قىلىڭ، كىيىنكى نوۋەت ئىلان قىلىمىز

كەسپىي ياللاقچىلار تىللىرنى قەيەردە ئىشلىتىشنى بىلىدىغانلاردۇر. ئۇلار تىلىنى كىرەكسىز يەرگە تىقىپ
سالمايدۇ .. ئىغىر-بىسىق ۋە دىققەت قىلىدۇ. نىشاننى ياخشى تاللاش ئۈچۈن كۆزىتىپ قارىغا ئالىدۇ. ئاغزى
ئىچىلىپ تىلىنى چىقارسىلا يىتەرلىك، يالاش- قارا ئاقرىپ كەتكىچە داۋام قىلىدۇ. بۇلار كەسپىي
ياللاقچىلاردۇر. مەسىلەن بىرىنىڭ ئۈستى-بىشىنى يالاپ ئاقارتىپ، ئۇنى پۈۋلەپ ئاسمانغا- كوككە چىقىرىپ،
يەرگە چۈشەلمەس«ئىلاھ»قا «مەنىۋى»گە ئايلاندۇرۇدۇ. كەسپىي ياللاقچىلار ختاي مۇستەملىكە تۈزۈمىنىڭ
مەھسۇلىدۇر. ئۇلار ماۋزىدۇڭ ۋە بىجىڭنى ھەرقانداق بىر ختايدىنمۇ ئاشۇرۇپ ماختىيالىغان ئىدى. بۈگۈن
.ختاي بىرلىكنى شۇنداق ماختاۋاتىدۇ

ياللاقكەشلەر ختايدىن بولغانلارنى، ختايپەرەسلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قوللۇنۇۋاتقان كوزۇرلىرىنى بىرگە ماختاپ
پوقنى ھاۋا قىلىپ يەيدىغان دەرىجىگە يىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا خەلقارا تەسىر پەيدا قىلىش، ياللاقچىلىقنى كىتاب
قىلىپ چىقىرىش، رادىئودا، تىلىۋىزوردا ختاي مەنپەتى ئۈچۈن قوللۇنۇش ئومۇملاشتى. ياللاقچىلىقنى ئۆز
ئىسمى بىلەن ئىلان قىلىشتا بىئەپلىك ھىس قىلىشىپ ئۆزگە ئوخشاپ كىتىدىغان كىشىلىك، غورۇرى ۋە
سەۋىيەسى يوق ھەر دوقمۇشتا پۇتلىشىپ يۈرۈيدىغان چەتەللىك ئاتالمىش يازغۇچى، تارىخچى،
سىياسەتچىلەرنى قوللۇنۇش ياللاقچىلىقنىڭ ئۈنۈمىنى ئۈستۈرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىپتى-
بەشرىسى ئاشكارە، سۆزى ئۆتمەس بولۇپ قالغىنىغا نەۋاق؟

ختاي ياللاقچىسى ئەركىن ئەيسا «ئۇيغۇرلار ختاي بىرلىكنى قوبول قىلىشى كىرەك»، دىسە رابىيە قادىر ۋە
ئىلشاتلار:«ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق ئەمەس، ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىدۇ» دەۋاتىدۇ. ئالىم سەيتوپ«
خەنزۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزدە سايلام ھوقۇقى بار» دىسە ئابلىكىم باقى بىر ختاي بىلەن ساتقۇن كىلىشىم تۈزۈپ
قالغاچ شەكىللىك ئىمزا قويۇپ بىرىۋاتىدۇ. ختاي باياناتچىسى دىلشات:« ختاي قىرغىنچىلىقى
ختايلارنىڭ گۇنايى ئەمەس، جۇڭگونىڭ كومۇنىست تۈزۈمىدە بولۇپ قالغانلىقىدا، ئۇيغۇرلار ختاي
.فىدراتسىيۇنى-بىرلىكنى ئارزۇ قىلىدۇ...» دەۋاتىدۇ

تىخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى - ئۇچۇرمەركىزىنىڭ مەسۇلى، ئۇيغۇر تىلىۋىزىيەسىنىڭ رىياسەتچىسى رىف
ئا«ئوبزورچى»سى ئەپەندىلەرنىڭ ۋارىسى پەرھات مۇھەممەت يورۇڭقاش 4 ئەمەلنى ۋەتەن سىتىشتىمۇ
ئەپلەپ قوللۇنالمىغانلىقى. بىرىنجى قىتىم ئۇ ر ف ئا ۋە ئۇئائا دىكى «ئوبزور»دا «زىمىن جەھەتتە شەرقى
تۈركىستان ختاينىڭ ئالتەدەن بىرى» دەپ ئىلان قىلغان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق رەددىيە ۋە
ئەيىپلەشلىرىدىن كىيىن ئىككىنجى قىتىم «زىمىن جەھەتتە شەرقى تۈركىستان ختاينىڭ بەشتەن بىرى»
دەپ ئىلان قىلىپ قىپقالغان قىسمىنىمۇ ختاي زىمىنىغا سۇڭلاپ بىرىشنى ئۇنۇتمىغان. ئۇنىڭ «5-ئىيۇلدىن
كىيىن ئۈرۈمچىدە بىرلىن تىمى پەيدا بولدى» دىگەن ئوبزورى-ئۇيغۇر ۋە خەنزۇلار ئىككى گىرمانىيەلىكلەرگە
ئوخشاش بىر تۇققان ئىدى. 5-ئىيۇلدىن كىيىن «بىرلىن تىمى» پەيدا بولدى. بۇ تاممۇ چىقىلىپ ئىككى
گىرمانىيە بىرلەشكەندەك ئۇيغۇر ۋە ختايلارمۇ بىرلىشىدۇ -دىگەندىن باشقا نىمە بولسۇن؟ بۇلار مانا
موشۇنداق دەرىجىدە ئەيمەنمەس ساتقۇنلارغا ئايلاندى. ۋە ئۇلار سەھنىلەرگە «مەخسۇس تەكلىپ
!«قىلىنغان

كەسپىي ياللاقچىلار ئادەتتە ختاي تىللىق باياناتچىلار، ختايپەرەس قەلەمكەشلەر، مەخسۇس تەكلىپ
قىلىنغان «ئوبزورچى»لار ۋە زۇۋاندارلاردىن تەركىپ تاپىدۇ. ئۇلار «بەدىي» ۋە «شىرى» ئىلھاملىرى،تەبىي
ۋە ئىجتىمايى پەن بىلىملىرى بىلەن قۇراللانغان بىلىملىك ياللاقچىلار. ئۇلارنىڭ ياللاقچىلىقتا قىلمايدىغان
ئىشى يوق. بۇنىڭ بىلەن سۆزگە توغرا كەلگەندە ئاتىسىدىن قايتمىغان ئۇيغۇرلار ختايدىن بولغان «روھانى
داھى» ئەيسا يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ ختاي خوتۇندىن بولغان ئوغلى ئەركىن ئەيسالاردىن قايتىدىغان بولدى.
ۋەتەندە قۇل ئىدى «قايتتى»دەيلى، ۋەتەن سىرتىدىكى «قايتىش» نىمە ئۈچۈن؟ ختاي ۋە ئامىرىكا
ئارىسىدىكى «كىلىشىم» بىلەن تۈرمىدا قەسەم بىرىپ،ئىلاھقا ئايلاندۇرۇلغان ساۋاتسىز «مەنىۋى
تىجارەتچى»لەردىن قايتىدىغان بولدۇق.بۇ «كىلىشىم»نىڭ بىدىكى-دەللالى- ئەركىن ئەيسا ئىكەنلىكى
.پاكىتلار بىلەن ئاشكارە-ئۇنىڭدىن قايتىپلا كەلدۇق

ئىلاھقا ھىچكىم سۆز قايتۇرالمايدۇ. ئۇ ئايال بولسۇن، ئەركەك بولسۇن ياكى ئەركەك-سەدەك بولسۇن، بەرىبىر
ئىلاھقا ئايلىنىۋالغانلا بولسا كۇپايە. ئۇ «جۇڭگو-ختاي خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى(دىموكراتىيەسى)ئۈچۈن

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



كۆرەش قىلىدىغان يولنى تالللىۋالدىم» دىسىمۇ، «ئۇيغۇر -خەنزۇ بىر تۇققان»دىگەن شۇئارنى سىدىق هاجى روزى ۋە خىتايلار بىلەن بىرگە كۆتۈرۈپ «دىموكراتىيە» نامايىشى قىلسىمۇ، كۆك بايراقنى يەرگە تاشلاپ چەيلىسىمۇ هىچكىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارالمايدۇ. ۋە ئۇنىڭدىن قايتىمىز. بىزنىڭ بۇ ساختىكارلىقىمىزنى، هارامزادە ئەخلاقىمىزنى بىلىمىزنى ئارىمىزغا كىرىۋىلىپ تارقاتقان خىتايدىن بولغان ئەركىن ئەيسا قاتارلىق خىتايپەرەسلەردۇر. ئەمدىلىكتە ئۇلار  بۇ رەزىللىكلىرىمىزدىن پايدىلانماقتا. بىز قايتىمىز! يالاقچىلىق يۇققاندا ئادەم يانغاق بولۇپ قالىدۇ.

ئاتا-ئانىمىزدىن يانمايمىز. بالا-چاقىلىرىمىزدىن قايتمايمىز. سۆيگۈنىمىزدىن،ئاياللىمىزدىن قايتمايمىز، دوس-بۇرادەرلىرىمىزدىن، ئۇستازلىرىمىزدىن قايتمايمىز، گەرچە ئۇلار هەقلىق بولغان تەقدىردىمۇ قايتمايمىز. ئۇلارغا يانغىنىمىز يانغان. ئۇلارغا هاقارەت، توهمەت، بۆهتان، ئۆلۈم بىلەن تەهدىتلىرىمىز هازىر. ئەمما ئاۋۇ يەرگە -ساتقۇنلارغا كەلگەندە يالاقچى بىز. ئۇلاردىن ياسىنىمىز.

بىراق «جۇڭگو-خىتاي خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى(دىموكراتىيەسى)ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان يولنى تالللىۋالدىم» دىسىمۇ، ئۇيغۇر -خەنزۇ بىر تۇققان دىگەن شۇئارنى سىدىق هاجى روزى ۋە خىتايلار بىلەن بىرگە كۆتۈرۈپ دىموكراتىيە نامايىشى قىلسىمۇ، كۆك بايراقنى يەرگە تاشلاپ چەيلىسىمۇ ئۆيىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئاياللىرىمىزنى ئەيلەپ-چەيلىۋتەلەيمىز. يىقىنلىرىمىزنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋگە ئۇرىۋتەلەيمىز. ئاچچىق بىلەن يىغلىغاندا كۆزىنىڭ يىشىنى بولسىمۇ بىر قىتىممۇ يالاپ سۈرتۈپ قويمايمىز. خىتايپەرەسلەرنىڭ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئاغزى-بۇرنىدىن نىمە چىقسا هەممىسىنى يالاپ قۇرۇتىۋتەلەيمىز. كوزۇر رابىيە قادىر بىر ئەركەكنى سىكەي دەپ تىللاپ بولۇپ، ئۆزىگە رەددىيە بەرگەن يەنە بىر ئەركەككە:قوينۇمدا پىچاق بار دىگەندە ئۇنىڭدىن قورقمىغان قانچە ئەركەك چىققان ئىدى بىزدىن؟ يانغاقلىق، يالاقچىلىق.يالاقكەشلىك يالىماقتىن كەلگەن. يالاقچىلىق بار يەردە دىموكراتىيە، ئەركىنلىك بولمايدۇ. بىر ملللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈستىدە قىلىنغانلارنىڭ هەممىسى يالغانچىلىق، ساختىكارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس بولۇپ قالىدۇ. يالاقچىلىقتا غورۇر ئۆلىدۇ، ئۆز ئالدىغا مۇستەققىل ئويلاش، پىكىر قىلىش، خاتا ۋە جىنايەتلەرگە قارشى كۆرەش قىلىش بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلار خىتايغا يالاقكەشلەر ئارقىلىق سىڭىپتىلىدۇ. يالاقچىلىق يالىماقتىن كەلگەن.يالاقچىلىقنىڭ يىشمى مۇنداق: يالاق،يالا، يالىما، يالىۋەتتى، يالام، يالاقچى، يالاقكەش، يالىغۇچى، يالاقلىق، يالىماقچى، يالاۋاتىدۇ... دۇق نىڭ دەرهال تارقىلىشى ئۇيغۇرلاردا زور ئىلگىرلەش ۋە پۈتۈنلەي يىڭى هاياتى كۈچ پەيدا قىلىدۇ. مەغلۇپ بولغانلار ، ئۇيغۇرلارنى پاتقاقتا تىققانلار كۆزدىن يوقۇلۇشلىرى كىرەك، بۇ چاقچاق ئەمەس!

ئاپتونومىيەچىلىك = تەسلىمچىلىك

(ئاپتونومىيە» سەپسەتىسى ياكى «ئىككى ئارىلماسلىق»نىڭ چەتەل ۋارىيانتى توغرىسىدا»)

هەرقانداق زۇلۇم ۋە بىسىم قان پاكىز ساقلانغان ئەهۋال ئاستىدا ئەخلاقىي تىرىلىشنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان كۈچلەرنى تۇغۇشى ۋە هەركەتكە كەلتۈرۈشى مۇمكىن. هالبۇكى، قاننىڭ پاكىزلىقىنى يوقۇتۇش سائادەتنى يوق قىلىدۇ، ئىنسانىنى ئەبەدىي پەسلەشتۈرىدۇ.

(ئادولف گىتلىر: «كۆرەشلىرىم»(تۈرۈكچە نەشرى

سەپسەتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

سەپسەتە «ئۈچ ئەپەندى» نەنجىڭدا گومىنداڭ پارلامىنتىدا ئىشلەۋاتقان زاماندا قەپەزدىن چىققان دىپىشكە بولىدۇ. پىكىر ئاتىسى هەرهالدا ئىسا يۈسۈپ. بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن» دىگەن ئەسلىمە كىتابىدىن ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ مۇستەقىللىق يولىدا ۋەتەندىن ئايرىلغان نۇرغۇن كىشىلەرنى «نەسىهەت قىلىپ» قايتۇرۇپ كېلىپ، خىتايلار بىلەن ياراشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. خىتايلارنىڭ بىركۈنى ئەمەس، بىر كۈنى بىزگە ئىچى ئاغرىپ، ۋەتىنىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ باشقۇرۇشىغا رازى بولىدىغانلىقىغا كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇ 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى»دىن بەكمۇ راهەتسىزلىك هىس قىلىپلا قالماي، «ئۆز قېرىنداشلىرى قىلىپ سالغان بۇ

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



بەڭۋاشلىق» ئۇچۇن ختاي دوستلىرى ئالدىدا بەكمۇ خىجىللىقتا قالغانلىقىنىمۇ ئانچە يوشۇرۇپ كەتمەيدۇ.
بۇ نۇقتىنى ئۇ شاپىگراف بىلەن نەشر قىلىنىدىغان ژۇرنال «تيانشان» (تەڭرىتاغ ئەمەس) دا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ يازغان ماقالىلىرىدا، ئەينى ۋاقىتتا قىلغان شەرەپلىك مۇجادىلىسىدىن خىجىل بولغاندەك، ئۇنى ختايلارغا يۇمشاقراق ئىزاھلاشقا ئۇرۇنۇپ، «بىز ئۇ چاغدا يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى تۇپەيلى ئىسيان كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدۇق» دېگەنلىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. چۈنكى، مائاشنى بېرىۋاتقان بىرسىگە قاتتىقلىق قىلىش ئاسانمۇ؟ «يېگەنىنىڭ يۈزى ئۇيۇتار» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟
كىشلەرنى «ئاپتونومىيە» سەپسەتىسىگە ئىشەندۈرۈشكە هارماي-تالماي ئۇرۇنغان ئىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ختايلارنىڭ باشقا بىر مىللەتنى ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش كۆرۈشكە ھېچ ئادەتلىنەلمەيدىغان، دېموكراتىيە دېگەننى مەڭگۈ چۈشەنگىلى ئۇنىمايدىغان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنىمۇ، تالاي ئەمەلىي مىساللار بىلەن بېرىدۇ-يۇ، يەنە توختىماي، ختايدىن «تىلەپ ئازادلىق ئېلىش»نى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۆزى .ئىشەنمىگەن بىر ئىشقا باشقىلارنى ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ
ئۇنىڭ بۇ يولنىڭ توغرا تاللانغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىگە ئاساس قىلغان سەۋەپلىرىمۇ ئاجايىپ. ختاي بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشىمىزغا مەڭگۈ ئۇنىمايدۇ، شۇڭا «قەدەممۇ قەدەم مۇستەقىللىق» ئەڭ توغرا يول دەپ قارايدۇ. يەنى، ئاۋال ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىنىدۇ، ئاندىن «مۇستەقىللىققا يېقىن مۇختارىيات» تەلەپ قىلىنىدۇ (ياكى فېدراتسىيە)، مانا شۇنداق قىلىپ، ئاخىرىدا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىنىدۇ! بۇ نەزەرىيەچە بولغاندا ختايلار بىزنىڭ تەلىپىمىزنى «كىچىكلا تەلەپ ئىكەنغۇ» دەپ قاراپ ماقۇل بولىدۇ، يەنى يەڭگىل تەلەپ بولغاچقا ختايغا ئېغىر كەلمەيدۇ (بۇنىڭ كەينىدىن نېمە تۇغۇلۇشىنى ئويلاپ كۆرەي دېمەيدۇ)؛ بۇنىڭغا بىر مەزگىل كۆنۈكتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە تېخىمۇ يۇكسەك ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىمىز، ئاۋالقىسى بىلەن بۇنىڭ پەرقى بەك يېقىن بولغاچقا ختاي بۇنىڭمۇ ئاخىرىسىنى بىلەلمىگەچكە ماقۇل دەۋېتىدۇ؛ ئۈچىنچى قەدەمدە، «مۇستەقىللىققا يېقىن مۇختارىيات سورايمىز»، ختاي بۇنىمۇ ئاۋالقىسىغا سېلىشتۇرۇپ، پەرق بەك چوڭ بولمىغاچقا، بۇنىڭغىمۇ بوپتۇلا دەۋېتىدۇ. كېيىن بىز قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئىمكانلار سايىسىدە ئۆزىمىزنى ئوبدان ئۇشلىۋالغاچقا، ئەمدى بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشۇمىز !توسىۋالغىلى بولمايدىغان ئېقىمغا ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرىدا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىمىز
بۇ خىل مەست خىيالى بىلەن بېرىلىدىغان ئاشۇ پارلاق كېلىچەك مەنزىرىسى كىشلەرگە داملىتىلىپ، ئاپتونومىيە ئالدامچىلىقى رەسمىي تۈردە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. مانا شۇنداق قىلىپ، تارىخىمىزدا تۇنجى .قېتىم «ئىككى ئايرىلالماسلىق»نىڭ ھۇلى سېلىنىدۇ
.ئىككىنچى باسقۇچى
جاڭ جىججوڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندىكى ۋەزىيەت ختايلارغا ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى، ختايلار ئۈرۈشۈپ پايدا ئالالمايتى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئارىچى قىلىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈش شۇم خىيالى تۇغىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت ئېھتىياجى ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈرگەن كوزۇرنى مەيداندىن چېكىندۈرۈشتە شەرمەندە چۈمپەردىسىنى تولۇق ئاچىدۇ. غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلىنىڭ ختاي مەركىزىگە يەتكۈزگەن ئاتالمىش غۇلجا تەرەپنىڭ كۆڭلى، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى: ختايدىن ئايرىلىش نىيىتىمىز يوق، بىزگە بارابەر مۇئامىلە قىلىنسا، .... دېگەندەكلەر بولىدۇ. شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىگە كەلگىنىدە كۆكسىگە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئىزنەكلىرىنى تاقاپ كېلىشكەن ۋە «بىز شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن، ختاي ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت قىلىمىز» دەپ يۈرۈشكەن. جاڭ جىججوڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال سوۋېت كونسۇلىغا نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۆزىنىڭ قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان» ۋەكىللىرى بىلەن سۆزلەشمەيدىغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن بىر دۆلەتنىڭ ئىچىدىكى قېرىنداشلاردەك سۆزلىشىدىغانلىقىنى يەنى تەڭسىز شەكىلدە- مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە «قوزغىلاڭ .قىلغانلارنىڭ ۋەكىلى»نى «قوبۇل قىلىدىغانلىقى»نى ئېيتىپ، غۇلجا تەرەپكە «نەسىھەت» قىلدۇرغان ئەسلىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشىنىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، تامامەن ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئولتۇرۇپ قالغان ۋەكىللەر، ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايدىغانلا ھالەتتە بولغاچقا، دەرھال دەبدەبە بىلەن تاقىۋالغان ئىزناكلىرىنى ئېلىۋېتىپ، ياۋاشلىق بىلەن ئاپتونومىيە تەلىپىگە چۈشتى. مانا بۇ بىرسىگە تامامەن ئۆزىنى تاپشۇرۇپ .قويۇشنىڭ ئاچچىق ساۋىقى! ئىككىنچى قېتىملىق «ئاپتونومىيە» تەلەپكارلىقى ئىدى
بۆگۈنكىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىدا كۆرسۈتۈلگەن سەۋەپلەر
بۆگۈنكىلەرنىڭ كۆرسۈتۈۋاتقان سەۋەپلىرىمۇ بىرىنچى قېتىمقىلارنىڭكى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، «ختاي مۇستەقىللىق دېگەنگىلا بېرىپ قويمايدۇ»، دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلار دالاي لامانى مىسال بېرىپ كۆرسۈتىدۇ. دالاينىڭ مانا شۇ يولنى تۇتۇپ قانداق پايدا ئېلىۋاتقانلىقى. ئەمەلىيەتتە دالاي ئېلىۋاتقان پايدا

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە فوليازمىلار ئامبىرى


غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ماددىي ياردىمى بولۇپ، بۇ چەتەلدىكى تىبەتلىكلەرنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئىمكان بېرىۋاتقاندىن باشقا، تىبەت ۋەزىيىتىدە ھېچقانداق ئىجابىي تەرەققىيات بارلىققا .كەلتۈرگىنى يوق

ئەگەر بىزنىڭ پەۋقۇلاددە ئاجىزلىقىمىز، دۈشمىنىمىزنىڭ كۈچلۈكلۈكى مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىپ ئاپتونومىيەگە چۈشۈشكە سەۋەپ بولدۇغان بولسا، شۇنداق سوراشقا توغرا كېلىدۇ: تارىختا قانداق بىر كۈچلۈك ئاجىزنىڭ تەلپىگە قوشۇلغان؟ بىر كۈچلۈك بىلەن بىر ئاجىز ئارىسىدا بولغان تېچلىق سۆھبىتىدىن قانچە مىسال بىلىسىز؟ سۆھبەت، جەڭ مەيدانىدىكى چىقىمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كۆپ چاغلاردا كۈچ تەڭپۇڭلۇقىدىن بارلىققا كەلگەن. يەنى مەيداندا بىر-بىرىنى يېڭەلمەي، ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا زىيان تارتىۋەرگەن، ئۇرۇش نەتىجىسىز شەكىلدە ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەندە، بىر تەرەپ بىرىنى .ئارىچى قىلىپ، سۆھبەت تەلىپى قويغان

ئەگەر بۇنداق سۆھبەتلەر جەريانىدا بىر تەرەپ تاسادىپىي كۈچلۈنۈپ كەتسە (بىرەر دۆلەتتىن ياردەمگە ئېرىشىپ ياكى بىرەر يېڭىچە قورال ياساپ چىقىلىپ) دەرھال سۆھبەتتىن چېكىنىپ، دۈشمىنىنى ئۆزى كۆزلىگەن مەنزىلگە قەدەر قىستاپ ئاپارغان. بەلكىم، بىزنىڭ ھازىرقى ئۆگۈنۈش ئۆلگىمىز بولۇپ قېلىۋاتقان دالاي لاما كۆرسۈتلەر. دالاي تەرەپ بىلەن خىتاي ئارىسىدا بولۇۋاتقان سۆھبەت بىر شەكىلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر بىر ئۈنۈملۈك ھەركەت بىلەن دەستەكلەنمىگەن تەقدىردە بۇ سۆھبەتتىن مەڭگۈ نەتىجە !چىقمايدۇ

كۆپ زامانلاردا ئەڭ قانلىق ئىچكىي ئۇرۇشلارنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن يۇمشاق مىجەزلىك بولغان بىر» مىللەتنى پولاتقا ئايلاندۇرىدىغانلىقى؛ سېسىق پۇرىقى كۆكلەرگە قەدەر چىققان بىر تاپنىڭ بولسا كۆپ چاغلاردا پات - پات داۋام قىلىنغان تېنچلىق ھالىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىگىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى «نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك

ئەسلى ھەقىقىي سەۋەپلەر

ئەسلىي ھەقىقىي سەۋەپلەرنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئاللاھ بىلىدۇ. ناھايىتى چوڭ ئېھتىمال شۇكى، بۇنى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ. چۈنكى بۇ بىر پارچە چالما ھسابىدا پايدىلىنىۋاتقانلار تەرىپىدىن سۇنۇلغان يول بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز تاللىشىمۇ ئەمەس، دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرى تاللىدى، دېيىلسە، ئۇ چاغدا مۇنداق سەۋەپلەردىن بولۇشى مۇمكىن: بۇ يولنىڭ ئاسانلىقى. جان -قەھرىمانلىق تەلەپ قىلمايدىغانلىقى؛ نام چىقىرىشنىڭ كۆپ ئاسانلىقى؛ بۇ چىگىش مەسىلىسىنى يېشىشكە كېتىدىغان بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەتتىن يوقسۇل ئەھۋالدىمۇ ئىبقۇېرىدىغانلىقى؛ سىزىپ بېرىلگەن يول بىلەنلا كېتىۋەرسە بولۇدىغانلىقى؛ نېمىلا بولمىسۇن ئوتتۇرىدا بىر داۋراڭنىڭ بولۇپلا تۇرۇدىغانلىقى (نەتىجىسىدىن ...(قەتيىنەزەر

ئەگەر بۇ يولنى قوبۇل قىلمىغان تەقدىردە نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە نۆلدىن يوقۇرى ھەرقانداق بىر كەسىر ساندا ئوي-پىكرىنىڭ يوقلۇقى؛ مەلۇم ئويلىرى بار دېيىلگەندىمۇ بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇشۇنچىلىك داۋراڭ پەيدا قىلىش، ئوتتۇرىدا بوي كۆرسۈتۈشنىڭ قىيىنلىقى... قاتارلىق سەۋەپلەردىن مانا شۇ .يولنى مېڭىشگەن دېيىش مۇمكىن

ئۈچىنچى تۇرلۇك سەۋەپ، تارىخىمىزدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئاپتونومىيە تەلەپكارلىقى بىلەن بىردەك بولۇپ، تامامەن باشقىلارنىڭ قۇچىقىدا بولۇشى، باشقىلارنىڭ ياردىمى ۋە خىراجىتى بىلەن مەۋجۇتلۇقى تەمىن ئېتىلىۋاتقاچقا، تەلەپنىڭ مەزمۇنى (داۋانىڭ مەزمۇنى)نىمۇ شۇ خوجايىنلار بەلگىلىگەنلىكى، .داۋاچىلارنىڭ تاللاش ھوقۇقىنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت

بىر كېمىدىكىلەرنىڭ تەقدىرداشلىقى»دىن تۇغۇلغان يېڭى ئىتتىپاق»

يېڭى ئىتتىپاقتىكىلەر ھەقىقەتەنمۇ بۇ سەپسەتىنى مېڭگىسىگەنلەرمۇ؟ مېنىڭچە ياق. بۇلارنىڭ بەزىلىرى پۇرسەتپەرەستلەر بولۇپ، قىزغىن قوللۇغۇچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «لېدىرلار» قوشۇنىغا كىرىۋېلىشنى ئويلىغانلار. چۈنكى بۇلارنىڭ زادى قايسى ئىدىيىدىكى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى .بىلىشمۇ تەس، تەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئەسلىدە بۇلار مەلۇم ئىدىيىگە ئىگە كىشىلەردىنمۇ ئەمەس

بەزىلىرىنىڭ يادىلىۋالغان بىر يۇرۇش فورمىسى بار، مانا شۇنىڭ بىلەن جان ساقلاۋاتقانلاردىن بولۇپ، بۇ يادىلىۋېلىنغان ئۇقۇملارنى ئۆزى تېخى ھەزىم قىلىپ باقمىغاچقا، مۇشۇنداق بىر سەپسەتىگە رازى بولۇپ، مۇشۇنداق بىر تەشكىلاتتا داۋاملىق قالسا، بۇ يادلىۋالغان فورمىسىغا زىت كېلىش ياكى توغرا كېلىشى ھەققىدە بىر ئۇقۇمى يوق. يەنى بۇ شەخسلەر ئومۇمەن «بىر نېمىنىڭ بىر نېمىسى» دېگەن بىر ئاتاقتا «سايلىنىپ» يۇرتنىڭ چوڭى بولدۇم دەپ ئويلايدىغان، ھاياتتىن ھاسىل قىلغان جىمىكى ئېپتىخارى شۇ بولغاچقا، بۇنداق ئاتاقتىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئۆلۈم قەدەر قورقۇنۇچلۇق ھېساپلايدىغان كىشىلەردۇر. «كۆيگەن يامانمۇ،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



كۈنگەنمۇ؟» دېگەندەك، بۇلار «شودۇيجاڭلىق»قا كۆنۈپ قالغان ئادەملەردۇر. شۇڭا ئۇلار قېيىق ھېلىغۇ پاتقاق شاخاپچىغا قاراپ يول ئالىدىكەن، نەق دوزاققا قاراپ يول ئالسىمۇ قېيىقتىن چۈشۈپ قالمايدىغانلار. يەنى، خۇددى بىلمەستىن قاراقچىلارنىڭ قېيىقىغا چىقىپ قالغان بىرى، قېيىقتىكىلەرنىڭ قاراقچى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا چۈشۈپ قالالمىغاندەك، ئەكسىچە قېيىق تالايەت كۆرگۈدەك بولسا، قاراقچىلارغا ھەمكارلىشىپ، قېيىقنى ئاسراشتا كۈچ چىقارغىنىدەكلا بىر ئىش. چۈنكى قېيىقنىڭ ئامانلىقى ئۇنىڭمۇ جان .ئامانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالغان

يەنە بەزىلەر بۇ سەپسەتىنى توۋلاشتىن كەلگەن پۇلدىن نەسىۋدار بولغاچقا، باشقىسى بىلەن پەرۋايى پەلەك. «خوجىنىڭ ئېتىنى سۇغار، پۇلنى ئال» پوزتسىيىسى بىلەن، بۇ سەپسەتىنى مىنگىسگەن .قىياپەتكە كىرىۋالغان جانباقارلار

يەنە بەزىلىرى شۆھرىتى ئۈچۈن ئانىسىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ يانمايدىغان، شۆھرەت خىرسىدىن كۆزى .ھېچنېمە كۆرمەس بولغان ئاۋارىلار

يەنە بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاستىرتتىن ھەممىنى يۈنلەندۇرۇپ تۇرىدىغان خىتاي غالچىلىرىمۇ بار. بۇ «قېيىق» .تىكى يېگى ئىتتىپاقنى شەكىللەندۇرگەن تەركىپلەر ئاساسلىقى مانا شۇلار

ئىلگىرىكى يازمىشلىرىمدا مىللىي خاراكتېرىمىزدىكى ئاجىزلىقلاردىن بىرى سۈپىتىدە شۇنداق دېگەنلىكىم ئېسىمدە: «شەخسىي زىددىيەتنى مىللىي زىددىيەتتىن ئۈستۈن قويۇش، شەخسىي مەنپەئەتنى ياكى تار گورۇھنىڭ مەنپەئەتنى ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن قويۇش،...» بۈگۈن شۇنى كۆرۈۋاتىمىزكى، يېقىن ئۆتمۈشتە مۇناپىق سۈپىتىدە تۆكۈرۈلگەن بەزى كىشىلەرگىمۇ «قاش ئېتىپ»، ئۇلارنىمۇ ئىتتىپاقداشلىققا چاقىرىۋاتقانلىقى بىلىنمەكتە. بۇلاردىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، بۇ كىشىلەردە ئەقەللىي ئىنقىلاۋىي پىرىنسىپمۇ يوق، ئۇنداقكەن مۇشۇلارغا ۋەتەن مىللەتنىڭ ۋەكىللىكىنى تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك بېرىلسە خىتايلاردىن ئايرىلىش نىيىتىمىز يوق» دېيىشلىرىنى مىنگىسسەك، سىياسىي تەقدىرىمىز نېمە بولار؟

بۇلار مەلۇم بىر ئىدىيىگە ئىگە كىشىلەرمۇ؟

بۇلار بىر ئىدىيىگە ئىگىمۇ، دېگەننى ئېنىقلاشتىن بۇرۇن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئەڭ داڭدار سىياسيون»لارغىلا قارىساق، بۇنىڭغا جاۋاپ تاپالايمىز. بەزى چاپانچىلار ئۆز ۋاقتىدا ئەركىن ئالپتېكىننى شۇنچىلىك يامان كۆرۈشكەنكى، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئادىمىي شەكىلدە تىلغا ئالمايدىغان دەرىجىدە ئىدى. ئۇ زامان بۇ ئۆچمەنلىككە دەل مۇشۇ «ئىككى ئايرىلماسلىق» ئىدىيىسىنى سەۋەپ قىلىپ كۆرسىتىشكەن ئىدى. ئەمدىلىكتە ئوخشاش ئىدىيىنىڭ مۇداپىئە ۋەزىرى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققىنىغا قارىساقلا، ئۇنىڭ ئەسلىدە .ئىدىيىگە ئەمەس، شەخسكە قارشى تۇرغانلىقى ئاڭلىشىلماقتا

بۇ سەپسەتىنىڭ «نەزىرىيىچىلىرى»مۇ مەيدانغا كەلگەندەك تۇرىدۇ. ئەمدى مانا شۇ نەزەرىيىچى (تەتقىقاتچى دەۋالغىنى مەلۇم) لەرنىڭ ساۋادى، قىلىپ يۈرگەن ئىشىدىن مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرسا، مۇشۇنداق نەزەرىيىچىلەردىن تەركىپ تاپقان توپتا يەنە قانداق ئىدىيە بولار؟

يېقىن ئۆتمۈشتە «ئاپتونومىيە»چىلىكنىڭ مۇرەسسەسىز دۈشمىنى ھېساپلىنىدىغان سىدىق ھاجى روزىنى :مىسال ئېلىشىمىز مۇمكىن

خارجى ئىشلار بۆلۈمى، بىخەتەرلىك باشقارمىسىنىڭ قارمىقىدىكى بىر ئورگانمۇ؟ ماھىنۇر يۇسۇپ خارجى» «ئىشلار بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇغۇ؟

ئاتۇشلۇق يۇسۇپ ھەسەننىڭ ئوغلى ئەنۋەر يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئاچىسى ماھىنۇر يۇسۇپ (بۇ ئايال ئاپتونوم رايونلۇق خارجى ئىشلار ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. بۇ بۆلۈم بىخەتەرلىك باشقارمىسىنىڭ بىر تارمىقى ...(ئىدى

خىتايلار چىشىغا تېگىپ قويمىسا ئۇيغۇرلار نامايىش قىلمايتى» دېگەنلىك، «چىشىغا تېگىپ قويمىسلا» ئۇيغۇرلار خىتايلارنىڭ مىللىي ھۆكۈمرانلىقىنى ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى» دېگەنلىك بولمامدۇ؟ ئۇنداقتا بۇ دەرىجىلىك قانائەتچان مىللەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار ئىدى؟ ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ھاياتىي مەۋجۇدلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار توختىماي كۆرەش قىلىۋاتقان مىللەت ئىدى، دېيىلگەندە، ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ خەلقارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالدىدا قەدرى — قىممىتى بولاتتىمۇ، دەيمەن؟

خىتاي دائىرلىرى دالاي لاما بىلەن سۆھبەت قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما،...» دالاي لامانىڭ مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىشنى ئالدىنقى سىياسىي شەرت قىلغانلىقتىن ھازىرغىچە تىبەتنىڭ .سەرگەردان ھۆكۈمىتى ھېچقانداق رەسمىي ياكى غەيرىي رەسمىي ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇپ ئالمىدى

دالاي لاما...: مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىرقانچە قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. ئۇ: مېنىڭ»

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



ئىزدىنىدىغىنىم تىبەتنىڭ ھەقىقىي ھالدا ئۆزىنى- ئۆزى باشقۇرۇشى... بېيجىڭ يەنىلا تىبەتنىڭ ھەربىي،
.دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى تىزگىنلىسە بولىدۇ، دېگەن گەپنى قىلدى
تىبەت تارىختا زادى خىتاي تېررىتورىيىسىنىڭ بىر قىسمىمۇ ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا تارىخچىلار بىر نېمە دېسۇن،»
مەن بۇ چوڭ دۆلەت دائىرىسىگە كىرىپ، خىتايلار بىلەن بىرگە ياشاشقا ئالللىقاچان تەييارلىق قىلىپ قويدۇم»
.دېدى
ئۆزلىرىنى دېموكرات ئاتىۋالغان خىتايلارنىڭ ماھىيىتىدىن خىتاي -بۇ مىللەتنىڭ ماھىيىتىنىڭ نېمە»
ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولامدۇ؟
...،ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپلىرى مۇستەقىللىق، ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان ھوقۇقى مۇستەقىللىق»
ئۇيغۇرلار قانۇن ئالدىدا ئىجرا قىلىنىغۇچى قۇللاردۇر... بۇنداق قۇللار بىلەن ئەھدىنامە، شەرتنامە تۈزۈش ...»
بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بۇ قۇللار بىلەن سۆھبەت قۇرۇش مۇمكىن بولمىغانلىقى سىرتىدا، يەنە ھەتتا، ئۇلارنىڭ
.ھەددى-ھەركەتلىرى، سۆز-ئىبارىلىرىمۇ ئېتىبارغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدۇ
ھازىر ئۇيغۇرلار ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەت، تولۇق مەنىدىكى ئىنقىلاپ پائالىيىتى ئەمەس، بەلكى پەقەت»
دېموكراتىك ئەللەردە دۇنيانىڭ مىزانلىرى، نىزامنامىلىرىغا ئاساسلىنىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق
...پائالىيىتى
ئازات بولۇشقا تەشنا بولغان ئۇيغۇرلار چوقۇم قان تۆكۈش كېرەكمۇ؟ چوقۇم جان بېرىشى كېرەكمۇ؟... تېنچ»
« ...يول بىلەن ھەل قىلىشقا بولامدۇ؟
.بۇ پىرىنسىپال زىتلىق ھەممىنى ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ، دەپ ئويلايمەن
رەت قىلىش ئاساسلىرىمىز
چوڭ ئىشلارنى قىلىمەن دېگەن ئادەم مەرگەندەك ھەركەت قىلمىقى لازىم: ئۇ نىشاننىڭ قانچىلىك
يىراقلىقىنى ۋە قولىدىكى ئوقيا كىرىچىنىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى بىلىشى لازىم. ئۇ قارىغا ئالغاندا
نىشاندىن ئىگىزرەك قارىغا ئېلىشى لازىم. بۇ ئوقنى ئاشۇ ئىگىز نۇقتىغا تەككۈزۈش كېرەكلىكىدىن ئەمەس،
.بەلكى ئاشۇ پەرق ئارقىلىق ئەسلىدىكى نىشانغا تەككۈزۈشنى راستىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
»نىككولو ماكياۋىللى : «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى
رەت قىلىش ئاساسلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. ئەمما ئاساسلىقى، بىزنىڭ خەلقىمىز مەڭگۈ خىتايلارغا
ئىشەنمەيدۇ؛ خىتايلاردىمۇ بىز بىلەن باراۋەر بۇ زېمىندا ھاياتلىقنى داۋام قىلىش نىيىتى يوق! خىتاينىڭ
نىيىتى نەسلىمىزنى قۇرۇتۇش. خەلق خالىمىغان ئىشنى، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا قارشى ھالدا كۆتۈرۈپ چىقىش
ئۇ تەشكىلاتنىڭ خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىدىيەلىرىنى رەت قىلىدۇ. خەلققە ۋەكىللىك
قىلالمايدىغان بىر تەشكىلاتنىڭ ئۆز قايغۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ تاللىغان يولنى قوبۇل قىلىش تامامەن خاتا. بۇ
!يول خەلققە يەنە بىر قېتىم پالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ
بەلكى دېيىلىشى مۇمكىن: «بىز مۇستەقىللىقتىن ۋاز كەچمىدۇق، بۇ بىر مېتود، بۇ بىر تاكتىكا،... ئاخىرقى
ھىساپتا بىزمۇ... » بىز بۇ سەپسەتىلەرنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە — «قەدەممۇ-قەدەم مۇستەقىللىق»
دېگەننىڭ زادى قانداق مال ئىكەنلىكى ھەققىدە يوقۇردا توختالغان ئىدۇق. بۇ تامامەن ھاماقەتلىكتىن باشقا
!نەرسە ئەمەس
بۇنداق بىر يولنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن، تارىختىكى يەھۇدىيلاردەك شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشىمىز
كېرەك: مىللىي روھ، مۇستەقىللىق ئىستىكى، دۆلەتچىلىك ئېڭى، ئارزۇسىدىن باشقا، كوللىكتىپچىلىق روھى
(«مەن»چىلىكنىڭ ئەكسى)، ئازادلىق ئۈچۈن كېرەك بولسا جىمى ئىقتىسادىنى، كېرەك بولسا جېنىنى
ئايىمايدىغان ئاڭلىق كوللىكتىپ بولۇشى؛ ئىلىم-پەندە كۈچلۈك ئالىملار قوشۇنىمىز بولۇشى؛ ئۆزىمىز ياشىغان
ھەر دۆلەتتە ئەڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي كۈچ بولغان، خالىساق شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى مۇقىم تۇتىدىغان،
خالىساق، داۋالغۇتىۋېتەلەيدىغان ئىقتىسادىي كۈچىمىز بولۇشى كېرەك. مانا شۇنداق ئەھۋالدىلا بىز ئۇ
.دۆلەتلەرنى ئۆز مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن ھەركەتكە كەلتۈرەلەيمىز
يەھۇدىيلار ئىنسانلارنىڭ ئېڭىنى قايتا شەكىللەندۈرۈپ چىقىش (ئۆز مىللىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش، باشقا
مىللەتلەردە ياردەمگە مايىل ھىسداشلىق ئويغۇتۇش) ئۈچۈن ئىدىئولوگىيە قۇرۇلۇشىغا سەل قارىمىغان.
پۈتۈن دۇنيادىكى مەتبۇئات (گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزىيە، كىنو،...) قاتارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى
ئۇلار تەسىس قىلغان ياكى كېيىن تەدرىجىي قولغا كەلتۈرگەن. دىنىي ئېتىقادقا ئالاھىدە ئەھمىيەت
بەرگەنلىكى، ئېتىقاتنى يەھۇدىيلارنى ئاخىرقى ھىساپتا قوغداپ تۇرىدىغان قورغان دەپ تونىغان.
ئەمەلىيەتتىمۇ ۋەتەنسىز ئىككى مىڭ يىللىق زامان ئىچىدە مىللىي ھىسلىرىنى قەلبىنىڭ قېتىغا كۆمۈۋەتكەن
بولسىمۇ ھەرقاچان تىرىك تۇتتى. مانا شۇ روھ بولغاچقىلا، مانا شۇ مەنىۋىي ئىشەنچ بولغاچقىلا، بۇ ئۇزاققا
.سوزۇلىدىغان مېتود ئۇنۇم بېرىدىغان دەۋرگىچە مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتماي كەلدى

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



مانا شۇنداق ماددىي ۋە مەنىۋىي شەرتلەرنى هازىرلىغاندىن كېيىنمۇ، ئۇلار يەنىلا قوراللىق قوشۇن تەشكىللەپ، جان پىدالىق بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىمۇ رەت قىلمىغان.

ئاپتونومىيە» سەپسەتىسىنىڭ هەغدالىرى «قورالىڭ بارمۇ ئەپەندى؟ ئەسكىرىڭ قېنى؟» دېگەندەك» سوئاللارنى قويۇپ، ئۆز سەپسەتىسىنىڭ نەقەدەر بىمەنە سەۋەپلەرگە تايانغانلىقىنىمۇ ئاشكارىلىدى. مەن خەلققە شۇ سوئالنى قويماقچىمەن: بىزدە كەم بولۇۋاتقىنى قورالمۇ؟ ئەسكەرمۇ؟ بۇنى دەۋاتقانلارنىڭ قانچىلىك هاماقەتلىكىنى، نەقەدەر ساۋاتسىزلىقىنى ئويلاپ كۆرۈش كېرەك.

بۇ هەقتە شۇ قۇرلارنى ئەقىللەرگە هاۋالە قىلىمەن: «بىر نېمىسنىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە جاسارىتىنىڭ يېڭىدىن قولغا كەلتۈرۈلىشى مەسىلىسى ئۆز - ئۆزىمىزگە قوراللارنى قانداق ئىشلەپچىقىرىمىز؟ دېگەن سوئال بىلەن هەل بولمايدۇ. بىر مىللەتنى قورال كۆتۈرۈشكە قابىلىيەتلىك هالغا كەلتۈرگەن روهنى قانداق يارىتىمىز؟دەپ ئويلىشىمىز لازىم. بىر مىللەتنىڭ ئۈستىدە مۇشۇنداق بىر سالقىن ئەتكەن تەقدىردە ئەقلى مىڭ يول تاپىدۇ ۋە بۇ يوللارنىڭ هەر بىرى ئۇ مىللەتنى بىر قورالغا ئېلىپ بارىدۇ. بىر قورققاق ئادەمگە ئون تاپانچا بېرىلسە ئۇ ئادەم بىر هۇجۇم مەزگىلىدە بىر تالمۇ ئوق ئاتمايدۇ. بۇ قورققاقنىڭ قولىدىكى تاپانچىلار بىر جەسۇرنىڭ قولىدىكى قامچىدىنمۇ ئاز قىممەتكە ئىگە.

بۈگۈن بىزنى جىددىي بىر قارشى چىقىشتىن مەهرۇم قىلىۋاتقان نەرسە قورال كەملىكى ئەمەس، ئىرادە » كەملىكىدۇر.«

بۇ دېيىلگەنلەرنى ئۆز تارىخىمىزدىكى مىللىي مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىنى ئەسلەپ ئۆتسەكلا، چۈشىنەلەيمىز ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالايمىز: سىدىق هاجى روزى «تەسلىمچىلىك» شەكلىدە مىسالغا ئالغان تۆمۈر خەلىپىنىڭ سۇلهىچىلىكى ياكى تىنچلىقچىلىقى ئۇنىڭ زاۋالىنى تېزلەتكەن ئىدى. ئەگەر ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىشنى داۋام قىلغان بولسا ئىدى، ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلەيتى. چۈنكى ئۇ زامانلاردا خىتايلار ۋەتىنىمىزنى هەربىي ئىشغالىيەت بىلەنلا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاچقا ئىدىئولوگىيىلىك قايتا شەكىللەندۈرۈش سۈزگۈچلىرىدىن ئۆتكۈزمىگەچكە مىللىي روه ساغلام، دىنىي هىسسيات كۈچلۈك ئىدى، بۇ دېگەنلىك، تۆمۈر خەلىپە چەكسىز ئارقا سەپكە ئىگە ئىدى: هىساپسىز زاپاس ئەسكەر ۋە خەلقنىڭ ئىقتىسادى يۆلىشى بار ئىدى. تۆمۈر خەلىپە ئەسلىدە ئەسكەرمىدى؟ قورالى بارمىدى؟

ناهايىتى ئەپسۇسكى، ئۇ چاغدىكىسى ئىستىخىيىلىك قارشىلىق بولۇپ، ئېنىق سىياسىي نىشان، پىلان-پروگراممىسى بولغان تەشكىللىك هەركەت ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا ئاسانلا ئالدامخالتىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

يىللاردىكىسى، گەرچە بىر گورۇھ ئاڭلىق تەبىقىمىز هەركەتنىڭ بېشىدا كۆرسۈتۈلۈۋاتقان بولسىمۇ،-40 سوۋېتنىڭ قۇچىقىدىكى « بالا» ئىدى. بۇ هەركەتتىمۇ «تېنچلىقچىلىق» ئىستىقبالىمىزنى قارايتتى، دېسەك بولىدۇ. سوۋېتنىڭ قۇچىقىدا بولۇشى ئالاهىدىلىكى بىلەن خالىمىسىمۇ سۇلىيغا كەلتۈرۈلەتتى، دېيىلسىمۇ، يەنىلا سوۋېتنىڭ ياردەملىرىدىن ئايرىلغان ئەهۋالدا، سۇلهى قىلغاندىكىدىن ئۇزاقراق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايتى. چۈنكى ئۇ چاغدىمۇ مىللىي هىسسياتتا كېسەل ئاز، دىنىي هىسسياتمۇ نىسبەتەن پاكىز بولغاچقا ئومۇمخەلقنىڭ قوللىشى بار ئىدى؛ 40 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيە بار ئىدى. شۇڭا هېچ بولمىغاندىمۇ 4 يىل ئارتۇقراق تىركىشىپ تۇرالايتى.

تېخىمۇ موهىمى، بۇ قارشىلىق، خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسىنى ئۇرۇشقا مەجبۇرلىغان ئىكەن، ئۇلار بۇلۇپ ئۆتكىنىدەك تېنچلىق بىلەن ئىشغال قىلماي، ئۇرۇشۇپ ئىشغال قىلاتتى. تېنچلىق بىلەن ئىشغال قىلىش بىر ئاز بۇرمىلاپ ئىزاهلانسا «خەلقنىڭ رايى، خاهىشى» قىلىپ كۆرسەتكىلى بولۇدىغان بىر تۇتقا؛ ئەمما سوقۇشۇپ ئىشغال قىلىش، هەرقانچە پەردازلاپمۇ تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋېلىش ئىكەنلىكىنى يوشۇرغىلى بولمايدىغان بىر پاكىت! بۇ بولسا بۈگۈنكى داۋا ئۈچۈن ئالتۇنغا بەرگۈسىز پاكىت بولاتتى. داۋا ئۈچۈن مائاش بېرىۋاتقانلار بىر قولدا پۇلنى تەڭلەپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدۇرۇۋاتقان « خىتايلار بىزنى بېسىۋالمىغان، قوشۇۋالغان»دېگەندەك ۋەلىكىزىنا گەپلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا چىقارغىلى بولمايدىغان بىر تارىخىي پاكىت ئوتتۇرىدا بولغان بولاتتى!

يەنە بىر جەهەتتىن، ئەگەر شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق هۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا پۈت ئېتىشقا جۈرەت قىلىپ، قارشىلىق قىلالىغان بولسا، ۋەتىنىمىز 1949 - يىلى هەرگىزمۇ ئىشغال قىلىنمايتى؛ ئەڭ تېز بولغاندىمۇ (سوۋېت ئىتتىپاقى خىتايغا بولۇشۇپ، غەرپ تەرەپتىن قىستىغان تەقدىردىمۇ) 1952-يىللىرىغىچە داۋام قىلالايتى. ئۇ هالدا كورىيە ئۇرۇشى ئەڭ ئېغىر باسقۇچتا كېتىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كېلەتتى. كورىيەدە خىتايغا قارشى سەپتىكىلەر غەرپنىڭ كوممۇنىزىمغا قارشى كۆپ دۆلەت قوشۇنلىرى (تۈركىيە ئارمىيىسىمۇ بار) بولغاچقا، خىتاينىڭ غەرپ تەرەپتىن پاراكەندە بولۇشنى كورىيە ئۇرۇش سېپىدىكى بېسىمنى ئازايتىشقا پايدىلىق دەپ قاراش ئەقەللىي ساۋات بولغاچقا، غەرپ كۈچلىرى سوۋېت

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



.ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، ياردەمگە قول ئۇزۇتۇپ قىلىشى ئېھتىمال بولاتتى
ئەمدى تەيەن تېنچلىقچىلاردىن شۇنداق سورىشىمىز مۇمكىن: ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيتى
قۇرغانلارنىڭ ئەسلىدە قولىدا قورالى بارمىدى؟ بۇ ئەمەلىيەتمۇ شۇنى كۆرسىتىۋاتىدۇكى، قورال ئېلىشقا
جۈرەت قىلالايدىغان روھنى بارلىققا كەلتۈرۈش بىزنىڭ ئەڭ زور قىيىنچىلىقىمىز. ھەرگىزمۇ قورال ۋە ئەسكەر
!مەسىلىسى ئەمەس
ئەمما بىزدە ئەقەللىي ئىدىئولوگىيە قۇرۇلۇشى يوق؛ ئىزچىل تەشۋىقات يوق؛ چەتەللەرنى ئارزۇيمىزغا ئۇيغۇن
ھەركەتلەندۇرەلەيدىغان ھېچقانداق مىللىي ساپا ھاسىل قىلمىغان تۇرۇپ، بۇنداق سىپايە يول بىلەن
مەخسەتكە يېتىشنى ئويلىساق ھەقىقەتەنمۇ چۆچەكتىكى چۆپنى يېگەن بولۇمىز. شۇنى ئەستە تۇتۇش
لازىمكى:«كۆزلەنگەن نىشانغا قاراپ كەتكەن يولنى پەقەت شۇ قاتتىق ھەقىقەت(خەلق ئاممىسى بىلەن
بولغان مۇناسىۋەت) بەلگىلىشى كېرەك. ئۆزگە ياقمىغان يول بىلەن نىشانغا يېتىشتىن ئۆزىنى تارتىش، بۇ
« .دۇنيادا كۆپ چاغلاردا نىشاندىن ۋاز كەچمەك مەنىسىگە ئىگە
:يەنە شۇنىسىمۇ بار
ھېچبىر زامان نورمال بىر تۇغما ئىستەك بىلەن غازلارغا قارىتا ياخشى كۆڭۈللۈك مۇئامىلىسى قىلىدىغان»
«.تۈلكىگە ياكى چاشقانغا قارىتا مەرھەمەت ھېس قىلىدىغان بىر مۈشۈككە دۇچ كېلىنمەيدۇ
ماكياۋېللى شۇنداق يازغان: «بىلىشىڭ كېرەككى، دۇنيادا ئىككى خىل كۆرەش شەكلى بار: بىرى قانۇندىن
پايدىلىنىش؛ يەنە بىرى، قورال كۈچىدىن پايدىلىنىش. بىرىنچى خىل ئۇسۇل ئىنسانىي ئۇسۇلدۇر؛
ئىككىنچى خىل ئۇسۇل ياۋۇزلارچە ئۇسۇلدۇر. ئەمما ئالدىنقىسى كۆپ ھاللاردا ئانچە ئۈنۈملۈك بولمىغاچقا،
«.كېيىنكىسىدىنمۇ پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ
خەلققە خىتاب
مۇستەقىللىقنى ئەمەس ئاپتونومىيە دېگەندەك چەكلىك نىشاننى كۆزلىگەنلەر ئاساسەن دېگۈدەك
باشلىنىشىدىلا مەغلۇپ بولۇدىغان سۆھبەتلەر ئارقىلىق تېخىمۇ بۇ نىشانغا يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس،
ھەمدە ئۇ زورلۇق كۈچ ئارقىلىق تېخىمۇ ئەشەددىيراق نىشانغا يەتمەكچى بولغان ئەشەددىيلەر تەرىپىدىن
.تولۇقلىنىدۇ ياكى ئەشەددىيلەر ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەيدۇ
«سەيمىل خانتىڭتون «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋىي تەرتىپنىڭ قايتا ئورنۇتۇلۇشى
خەلقىمىز ئۆز تەقدىرى ھەققىدە بىغەملىكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلدى. بۇ ھەقتە ئۆزىمىزنىڭ
تەتقىقاتچىلىرى يېقىنقى يىللاردىن بېرىلا ئىزدىنىشكە باشلىدى؛ بۇ بولسا ئۆزىمىزنى تونۇشنىڭ باشلىنىشى
:بولۇپ قالدى. ھەققىمىزدە چەتەللىكلەرمۇ كۆپ يازغان ئىدى
بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كىچىككىنە مەنپەئەتىگە ياردىمى بولىدىغانلا بولسا، كىمنىڭ كېلىپ»
«.ئۆزلىرىنى باشقۇرىشى بىلەن پەرۋايى پەلەككەن. تارىختىمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق ئىكەن
يەنە شۇنداق باھا بېرىشكەن:«... بۇ يەردىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان تەبىئىي
ئىگىلىككە تايىنىپ، بىر خىل تېنچ ۋە توختام سۇدەك ئۆزگەرمەس تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. قاتمۇ- قات
تاغلارنىڭ قورشاۋىدىن شەكىللەنگەن تەبىئىي جۇغراپىيىلىك توسۇق ئۇلارنى سىرتقى دۇنيادىن كېلىدىغان
رەھىمسىز رىقابەتتىن چەتتە قالدۇرۇپتۇ. سىڭگەن نېنىغا شۈكۈر قىلىپ ياشايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلارنى
ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىزلىق بىلەن قارايدىغان، ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇنچىلىك ئۇچراپ
كەتمەيدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. گەرچە بۇ يەردە نۇرغۇن يېغىلىقلار، ئىنقىلاپلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ
ئىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپچۈلۈكى سىرتتىن كەلگۈچىلەرنىڭ ئويۇنى ھېساپلىناتتى. بىر ھۆكۈمرانىنىڭ ئورنىغا يەنە
بىرسى ئولتۇرۇش، سۇلالىلەر ئالمىشىش دېگەنلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۇنچىلىك كارى يوق ئىدى. بۇ
ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇلار بىر خىل پەرۋاسىزلارچە ئىنكاس قايتۇراتتى. بۇنىڭدىن ھەرقانداق ئادەم
تەبىئىي ھالدا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: بۇنداق مىللەت رىقابەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئۇلار يەرگە
باغلانغان ئۇششاق دېھقان ياكى يىراقنى مۆلچەرلىيەلمەيدىغان ئېلىپساتارلار خالاس. يەر تېرىش ۋە ئۇششاق
ئىپتىدائىي تىجارەتتىن باشقا، ئۇلاردىن چوڭ ئىشلارنى كۈتكىلى بولمايدۇ. ئۇلار كىچىككىنە بىر دۇنياغا
قامالغان، سىرتقى ئەللەردىكى ئۆزگۈرۈشلەرنى چۈشەنمەيدۇ، قاششاق، ھاياتىي كۈچى يوق. ئۇلار پەقەت بۇ
يەردىكى تار مۇھىتقا پاسسىپ ھالدا ماسلىشىپ، ئۆز روزغارىنى ئۆز يېرىدىن ئالسىلا كۇپايە. قانداقلا
بولمىسۇن، كۈن كەچۈرۈش ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مىزانى، ھەرقانداق بىر ۋەقە ئۇلارنى قوزغىتالمايدۇ، ئۇلارنى
« ...سەگىتەلمەيدۇ
بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندىمۇ ئاشۇ بىغەملىكىمىز، ئاشۇ پەرۋاسىزلىقىمىز بىلەن ياشىساق، مىللىي تەقدىرىمىز
بىلەن كارىمىز بولماي، ئۆزلىرىنى بىزنىڭ ۋەكىلىمىز دەۋالغانلارنىڭ قانداق بىر ئويۇن ئىچىدە ئىكەنلىكى،
كىملەر بىلەن قانداق سودىلىشىۋاتقانلىقى، ئارزۇلىرىمىزنى نەچچە تىيىنگە سېتىۋاتقانلىقى،... بىلەن

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



قىلچىلىك چاتىقىمىز بولمىسا، خۇددى ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى دەۋرىدە بولغىنىدەك، ئاشۇ خاراموشلۇقۇمىز بۈگۈنمۇ داۋام قىلسا نەقەدەر سەت!؟

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۇرمەيۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، خەلق ۋەكىلى دەپ ئاتىلىۋىلىشىنىڭ مىللىي تەقدىرىمىزدە يارىتىدىغان يەنە بىر پاجىئەسىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

بۇنداق ئادەملەرگە مىللىي تەقدىرىمىزنى تامامەن تاپشۇرۇپ قويماي، هوشيار تۇرۇش، مىللىي تەقدىرىمىز .مەسىلىسىدە ئويغاق بولۇش ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ مەسئۇلىيىتى

مەن خەلقىمىزگە يەنە ئۆتمۈشتىكى سىياسىيونلارنىڭ يازغانلىرى بىلەن خىتاپ قىلىمەن: «مىللىتىمىزنىڭ سىياسىي كۈچىنى قايتا قازىنىشى پەقەت بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ساغلام ۋە قۇسۇرسىز ھالغا كەلتۈرىلىشى مەسىلىسىدىن ئىبارەتتۇر. ئەمەلىيەتتە بۇنى ھازىرلىغۇچى ھەر بىر تاشقى سىياسەت ۋە شەخسىي رولىنى قىممەتلىك ھالغا كەلتۈرۈش تەشەببۇسى كۆپ قورالغا ئىگە بولۇشنىڭ ئەسىرى بولماستىن بىر مىللەتنىڭ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان قابىلىيىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بىر مىللەتنىڭ سىستېملىق قابىلىيىتىنى جانىسىز بىر توقاي قوراللارنىڭ توپلانمىسى ئەمەس، مىللىي مەۋجۇتلۇق ھەققىدە ئوتلۇق بىر ئىرادىنىڭ ۋە ئۆلۈمنى .مەنىستمەيدىغان قەھرىمانانە بىر جاسارەتنىڭ مەۋجۇتلىقى تەمىن ئېتىدۇ

ھەرقانداق بىر ھەركەت مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشمەك ئۈچۈن ئەزالىرىغا كۆرەشنى ئىككىلەمچى ۋە موھىم» .« بولمىغان نەرسە قىلىپ كۆرسەتمەسلىكى، بۇنداق كۆندۈرمەسلىكى كېرەك

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە ئوليازمىلار ئامبىرى



ئۇ ۋە مەن

ئۇ دىدى: رەئىس ھەم داھى مەن
داڭلاپ بەزەن- سىپستىپلا گاھى مەن
باش كوتەرسە بەزىلىرى يولۇمدا
ئىككى پۈتنى بىر ئوتەككە سالىمەن

ئۇ دىدى:ھەر سورۇنغا رەسىملىرىم ئېسىلسۇن
ھۆرت دىگەنىنىڭ بويۇنلىرى كېسىلسۇن
مىنىڭ دىگەن گېپىم-گەپ
ماتار كەبى سېتىلسۇن

مەن دىدىم:مىللەت بارمۇ دىلىڭدا
ئاش-نان يەمسەن گېلىڭغا؟
،شېھىتلارغا پەرۋاسىزسەن
كۈيىنسەن جېنىڭغا؟

شۆھرەت ئۈچۈن ياشايسەن
ئەلنى غەپلەتكە باشلايسەن
ئىش قىلىشقا ۋاقتىڭ يوق
غەيۋەت دىسە قاچمايسەن

كۈتكەن ئىدىم سىنىڭدىن باشتا
ھىچ ئىلاھلار يوقمۇشتەك باشقا
خاتالاشقاننى بىلدىم مەن
ئۇراي باشىمنى قورام تاشقا

ئىنقىلاپنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى

مىنى تۇران، يارقىن، ئازادلىق قاتارلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئېسىل يازمىلىرى ئاخىرى بۇ تېمىدا ۋە بۇندىن كىيىن پىكىرلىرىمنى بۇ يەردە ئورتاقلاشسام بولغۇدەك دىگەن ئويغا كەلتۈردى. مەن بىر ئەقلىنىڭ نۇرىنى، پىكىر قىلىۋاتقان بىر پاكىز يۈرەكنىڭ ئەكسىنى كورگەندەك بولدۇم. مەن تايماس ئەرك دەگەن ئىسىم بىلەن كىرىمەن(ئۇيغۇر كونا يېزىقىدىكى ئىسمىم ئوقۇغۇسىز بىر ئىسىم بولۇپ قالغاچقا بۇ ئەسكەرتمىنى بەردىم، .(كەچەرۈڭلار
ئاۋۋال زېھنى ئۆتكۈر قېرىنداشلىرىمىزدىن غۇلام ئوسمان ئاكا، ئىزچىمەن، يارقىن، تۇران، يارقىن، تارىم يولۇسى، ئازدلىق قاتارلىق قەدىردان كىشلىرىمىزگە ئېھتىرام، تەشەككۇر بىلدۈرىمەن(سەخىپە .(چەكلىملىكى تۈپەيلى نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بولالمىدىم

ئۇيغۇر ئەقىلدارلار قۇشۇنى قۇرۇش، دۇق نى سىستىمىلىق، ئىلمىي تەنقىد قىلىش، دەۋانىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا ھازىرلىنىش قاتارلىق ئېسىل پىكىرلەرگە تامامەن قوشۇلىمەن. مەن توۋەندىكى بىر قانچە نۇقتا بىلەن قېرىنداشلىرمىنىڭ مۇھاكىمىسىگە ياندىشىمەن(توچكىلىق نۇقتىلار ئاۋۋال قويۇلۇپ كىيىن تەھلىلگە :(ئوتۇلدۇ

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



.ئۇيغۇر دەۋاسى ۋە ئۇيغۇرنىڭ روھىنى قايتا قۇرۇش قۇرۇلۇشى 1.
دۇق نىڭ قىلىۋاتقىنى ئۇيغۇر دەۋاسى ئۈچۈن قىلىدىغان 10 چوڭ ئىشنىڭ ئاران بىر قىسمى(يەنى دەۋانى خەلقارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىش). مۇشۇ باسقۇچتا توختاپ قالغان ئۇيغۇر دەۋاسى ئىككىنچى باسقۇچقا كىرىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قىلىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئىش ئۇيغۇر روھىنى قايتا قۇرۇش قۇرۇلۇشى پىلانى ۋۇجۇدقا كېلىشى كېرەك. ئۇيغۇرنىڭ دۆلىتى بارلىققا كىلىشىدىن بۇرۇن ئۇيغۇرنىڭ مۇستەملىكىدىن ئېغىر زەھەرلەنگەن روھي دۇنياسى ئاۋۋال قۇرۇلىشى كېرەك. بۇ 20،30 يىل ۋاقتىمۇ ئازلىق قىلىدىغان قۇرلۇش. ئەمما بىز ھازىر ھىچ  بولمىغاندا بۇنىڭ لايىھىسىنى بىر-ئىككى يىل ئىچىدە ئوتتۇرغا قويۇشىمىز كېرەك. بۇ .نۇقتىدا باشقىلار بىلەن پىكىرلىشىشنى ۋە ھەمكارلىشىشنى خالايمەن

.ئەقىل ۋە ئىنقىلاپ 2.
دەۋاغا ئەقىل يېتىشمەي قالدى. ئەخمەتجان قاسىم، مەمتىمىن بۇغرا، سابىت داموللا، ئەيسا ئەپەندى، ئەركىن ئالىپتېكىن ۋە ئەمدىكى لىدىرىمىز رابىيە خانىم ئوخشىمىغان نۇقتىدىن سادىر قىلغان ئەجەللىك خاتالىقلار ئىنقىلاپىنىڭ بۈگۈنگىچە  بىر يوسۇندا داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئاجىز كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىزنىڭ بۇ لىدىرىمىز جىق بەدەل تۆلىدى، ھورمىتىمىز چەكسىز. ئەمما داھىمىزنىڭ ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئەقلى كۈچى ئاجىز كەلدى. بۇ ئەقىل بىلەن ئىنقىلاپنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن بۇ ھەقتە داۋاملىق مۇھاكىمەمنى كوپچىلىككە سۇنىمەن. بۇ ھەقتە بىر نەرسە كورۇشكە ئالدىرىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئېنگىلىزچىدىن پايدىلىنالىسا ھەربەرت .ماكۇسى(1903-1969) نىڭ «ئىدراك ۋە ئىنقىلاپ» دىگەن كىتاپىنى كۆرۈپ چىقىشىنى تەكلىپ بېرىمەن

داھىنى تەربىيلەش ۋە ئۇنىڭ ئوبرازىنى لايىلەش قۇرۇلۇشى 3.
قېرىنداشلار، ياخشى بىر داھىنى بىزگە خەق بەرمەيدۇ. بىز ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ ئوبرازىنى لايىھلەش ۋە تەربىيلىنىشگە سىستىمىلىق ياردەم قىلىشىمىز لازىم. غەرپتە مەخسۇس پىرەسدىن دەپ بىر ئىلىم بار. ئۇيغۇر ئەقىلدارلىرى بۇنى كۇنتەرتىپكە ئەكىلىشى لازىم. بۇ ھەقتە قىزىققۇچىلارغا مىچائېل نەلسون نىڭ پىرەزىدەنتلىق ۋە سىياسىي سىستىما دىگەن ئەسىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەسلەن، رابىيە خانىمنى ئالساق، ئۇ ئۇيغۇرچە ھېسسىياتلىق سۆزلەيدۇ. ئەمما نۇتۇقىدا ئاز بولمىغان يېتەرسىزلىك بار. بىرىنچى، بىر جۈملىنى بەك ئۇزۇندا قىلىدۇ، قۇيرۇقنى ئۇزمەيدۇ. بۇ تەرجىماننىڭمۇ، ئاڭلىغۇچىنىڭ چۈشىنىشىگىمۇ تۇسالغۇ بولىدۇ. ئىككىنجى، ئوبرازى يېقىملىق بولسىمۇ بەدەن تىلىدا يەڭگىللىك، تەنتەكلىك ئېغىر. ئۈچىنچى، نۇتۇقىنىڭ تورى يوق، مۇھىم گەپلەر بىلەن پاخال گەپلەر ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇ ئىشنى تەتقىقات دەرىجىسىگە كوتۇرۈپ ئۇنىڭ ئوبرازىنى لايىلەش، تەربىيلىنىشگە ياردەم قىلىشنى ئۆزىمىز ئۇستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك. تۆتىنجى، ستراتىگىيىدىكى خاملىق: بابۇر مەخسۇت ۋەقەسى، 5-ئىيۇل ۋەقەسىدىن كىيىن نۇتۇق زالىغا بىر جاسوس بەرگەن تاختا رەسىمنى ئېلىپ كىرىپ خىتاينىڭ قىلتىقىغا چۈشۈش ۋە بۇ قېتىمقى كامبودجا ۋەقەسى قاتارلىقلار بۇ ئىشقا جىددى قارىشىمىز لازىملىقىنى چۈشەندۇردۇ

.بۇ نۆۋەتلىك دۇق غا 2012 يىلغىچە ۋاقىت ۋە پۇرسەت بېرىش 4.
بەرىبىر بۇ قېتىمقى سايلام بولۇپ بولدى، ئەمدى 2010 -يىلغىچە قاراش كېرەك. يەنە دۇق دىكىلەرنىڭ ئىپادىسى، سەۋيىسى، نەتىجىسى ھازىرقىدىن پەرقلەنمىسە رابىيە خانىمنى سىمۋول ئورنىدا ھۆرمەتلەپ تۇرۇپ كونكرىت ئىش قىلىدىغان رەئىسكە باشقا ئادەمنى قويۇش كېرەك. مەن 2012-يىلىدىكى سايلامدا ئەركىن سىدىق ئاكىنى باش رەئىسلىككە كورسىتىمەن. ئۇ ئاكىمىزنىڭ مەسلىنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى(ئىنقىلاپتا بۇ بەك مۇھىم)، ئابرويى، ئىجتىمائىي، تەبىي پەندە تەڭ ياخشى بولۇشى، ئىنگىلىز، ياپون، خىتاي، تۈرك تىللىرىدا ياخشى بولۇشى، پەزىلىتى بۇڭدىن كىيىن بۇ ئاكىمىزنى(ئۆزى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي) بۇ ئورۇنغا تەۋسىيە قىلىشىمىزنىنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى دەلىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا غۇلام ئوسمان ئاكا، نەبىجان تۇرسۇن، ئىزچىمەن،دولقۇن ئەيسا، ئەسقەرجان، ئالىم سېيتوف قاتارلىقلار باشقا ئۆتكۈر كىشىلەر بىلەن ئەقىلدارلار ئۈمىكى بولۇپ تۇرۇپ بەرسە دىگەن تەكلىپنى بېرىمەن. رابىيە خانىم بىر دەۋر ياراتتى ، توھپىسى ئۇنتۇلمايدۇ، ئەمما ياشىنىپ قالدى. داھى سىمۋول سۈپىتىدە تۇرۇشى باشقا ئىشنى .باشقىلار قىلىشى لازىم

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



5. نۇتۇق بانكىسى ۋە ئىنقىلاپ سوئال ئامبىرى قۇرۇش قۇرۇلۇشى، پاكىت قويۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش.

ئەقلىمىز بىلەن قاراپ باقىدىغان بولساق رابىيە خانىمغا ئوخشىمىغان سورۇندا چۈشىدىغان سوئاللار كوپ بولغىنى بىلەن مۇئەييەن قېلىپتىن ۋە چەكلىك ساندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ناھايىتى كۈچلۈك نۇقتىنەزەرلەر ئامبىرى قۇرۇپ كەلگۈسىدىكى دەۋا پائالىيەتلىرىگە ئالدىن تەييارلىق قىلىش لازىم. مەسىلەن، سىلەر مۇستەقىل بولغاندىن كىيىن قانداق تۈزۈمدىكى دولەت قۇرىسىلەر دەپ بىرسى سوراپ قالغان بولسا، بۇ سوئالنىڭ جاۋابى نۇتۇق بانكىسىدا ئالللبۇرۇن بولۇشى لازىم. بىر سوئالغا 10 جۈملە ئەتراپىدا ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ قايىل قىلارلىق جاۋاپ ئالدىن بولغان بولۇشى لازىم. سىدىق ھاجى ئاكا ھازىرغىچە جىق كۈچىدى، لېكىن كوپنىڭ ئەقلى كوپ. دەۋادا مۇقىم سورىلىش ئېھتىمالى بار 100 سوئال تەييارلاپ ۋەتىنىمىز توربدا كەڭ كۆلەملىك پىكىر ئېلىش، ئەڭ ئاخىربدا ئەڭ جايىدا چۈشكەن جاۋابىنى نۇتۇق بانكىسغا كىرگۈزۈش ۋە مۇناسىۋەتلىك تىللارغا ئالدىن جاۋاپ بېرىش لازىم. بەزى تور بەتلىربدە(ئىنگىلىزچە، خەنزۇچە) رابىيە خانىمنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنى ئاجىز، تاققا-تۇققا زاڭلىق قىلغان ئىشلارنى ئۇچرىتىپ بەك غەزىپىم كەلدى. رابىيە خانىمنىڭ بەرگەن جاۋابلىربدا ئوخشىمىغان دائىردە مەسىللەر ساقلانماقتا.
ئۇندىن باشقا پاكىت ئامبىرى قۇرۇش. مەسلەن، بىر يەردە خىتاي بىزنى بېسىۋالدى دىسەك، خەق شۇنداقمۇ دەپ ئاڭلاپلا قويىدۇ. غەرپتە پاكىتقا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، مۇستەملىكىنىڭ ئىسپاتىنى غەرپنىڭ تارىخچى، ئالىملىرىنىڭ كىتاپلىرىدىكى دەل جۈمللەرنى پوۋەر پوئىنتتا كورسىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن پاكىت قويۇش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. غەرپ ئالىملىرىنىڭ كىتاپىدا يۇرتىمىزنىڭ مۇستەملىكە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق پاكىتلار بار.شۇ جۈمللەرنى تېپىپ، سايىلاپ، بېتى، نەشىر ئۇچۇرى بىلەن پوۋەر پوئىنتتا قويۇش لازىم. چەت ئەللىكلەر بىزنىڭ گېپىمىزدىن ئۆزىنىڭ ئالىملىرىنىڭكىگە بەك ئىشىنىدۇ. رابىيە خانىم نۇتۇقتا پوۋەر پوئىنت ئىشلىتەمدۇ يوق ، بىلمىدىم، ئەگەر تەخىچە قىلمىغان بولسا بۇنىڭدىن كېيىن قىلىش كېرەك.

6. رادىكال گۇرۇھنى دۇق دىن ئايرىم تۇتۇش مەسىلىسى.

دىئالوگلىشىش، دەرت ئوقۇش پەقەت بىرلا ئۇسۇل، دۇق ھازىر مۇشۇنى قىلىۋاتىدۇ. ئىزچىمەننىڭ پىكرىدىكى ئەنزىزىلەر بويىچە يەنە بىر غۇرۇھ قۇرۇلۇپ كونكرىت ئىشلارغا، سىڭىپ كىرىشكە كۈچىشى لازىم. لېكىن ئىزچىمەننىڭ دەۋاتقانلىرى توغرا بولسىمۇ قىلىشاقا تىگىشلىك10 نەچچە ئىشنىڭ ئاران بىرى.

7. ئىقتىساسلىئقلار ئامبىرى قۇرۇش قۇرۇلۇشى.
بۇنىڭدىن كىيىن تېخىمۇ جىددي مەسىللەرگە دۇچ كېلىمىز. تىل، كوپمپيۇتىر، سىياسىي ئىلىم، سوتسولوگىيا، مائارىپ، جاسوسلۇق قاتارلىق ئايرىم تۈرلەر بويىچە چەت ئەلدىكى ئىمكانىيەتلەرنى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۇچۇرىنى قۇرۇپ جىددي ئەھۋالغا ئالدىن تەييارلىنىش لازىم. بۇلار ئىنقىلاپقا بىۋاستە قاتناشمىسئا مەيلى، ئەمما ھالقىلىق پەيتتە ئالدىراپ قالماسلىق ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلىشىمىز كېرەك. بىر يىل بۇرۇن دۇق تەييارلىغان بىر ئىنگىلىزچە دوكلاتنى كۆرۈپ نومۇس قىلىپ كەتتىم، خاتالىق بەك جىق. تۈنۈگۈن قارىسام دۇق تور بەتىنىڭ خەنزۇچە ۋە گىرمانچە بېتى ئىشلەنمەپتۇ. بۇ بىزنىڭ ئىختىساسلىقلارغا نەقەدەر مۇختاج ئىكەنلىكىمىز نى دەلىللەيدۇ.

8. جاسوسلۇققا، خائىنلىققا ۋە سۇيىقەستكە تاقابىل تۇرۇش قۇرۇلۇشى.
بىز كەسكىن بىر كۇرەشكە دۇچ كەلدۇق. ئۇ بولسىمۇ ئارىمىزدىكى خائىنلارنى قانداق بايقاش. بۇ ئەمەلىيەتتا تەس ئىشمۇ ئەمەس. ئۇيغۇرنىڭ قەلبى بىلەن ھىس قىلالايدىغان پىشقان بىر پىشولوگ بولسا بىر ئادەمنىڭ بەدەن تىلى، كۆزىدىكى نۇر، سۆزى، ئۇششاق ھەرىكىتى، ۋە ئەمەلىيەتتىكى ئىپادىسىغا قاراپ خېلى بىر نەرسىنى بىلەلەيدۇ. خائىنلىققا قارشى كۇرەشنى ئايرىم بىر قۇرۇلۇش سۈپىتىدە تۇتۇش كېرەك. ئاندىن خىتاينىڭ 36 ھىلىسىنى قايتىدىن تەتقىق قىلىپ چىقىشىمىزمۇ زورۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا خىتاي ھازىرغىچە دىلبەر سامساقوۋ، ھاشىر ۋاھىدى، سابىت ئۇيغۇرى قاتارلىق ئىنقىلاپچىلىرىمىزغا سۇيىقەست قىلدى. دائىملىق سۇيقەست ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ ئاممىغا ئاشكارىلاش لازىم. بۇ ئىش ھازىرغىچە ئىشلەنمىدى. ئەمدى قىلىش كىرەك.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



9. ئىلىملەرنى ئۆگىنىش قۇرۇلۇشى زورۇر.
دۇق هازىر مۇنۇ ئىلىملەردە نۇل. ھەرىكەت تەشكىلەش، ئىجتىماي تور، ئاخبارات -ئۇچۇر تېخنىكىسى، خەلقارا مۇناسىۋەت، ئاممىۋى ھەرىكەت ستراتېگىيىسى ئىلمى...ۋاھاكازا. كېيىنكى قۇرۇلتايغىچە بۇ ئىلىملەردە بىر-تۈركۈم ئادەملەر ئۆزىنى ئىسپاتلىشى كېرەك. بۇ ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىنقىلابىمىزنىڭ ئاساسى.

10. تەنقىد ۋە پىكىر ئالمىشتۇرۇش سىجىل.
دۇق ئۆزىگە مەست بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئىشلار چىقىۋاتىدۇ. رابىيە خانىمنى مەن ھەر قانچە بولسا ئورۇنلۇق تەكلىپ بولسا ئاڭلار دەرمەن. ئەمما، غۇلام ئەپەندى بىلەن سىدىق ھاجى ئاكىنىڭ قىلىشقان سېپىتىشلىرى بەكمۇ قاملاشماپتۇ. تەنقىد بۇنداق بولماسلىقى كېرەك. مەن ئاۋۋال گۇنانى ئۇستاز سىدىق ھاجىدا قويىمەن. ئۆزى ۋەتەندە بىر تەنقىچى ئىدى، ئۇ يەردىكى ئادەم سېپىق تەنقىد ئۇسۇلىنى غەربكە سۆرەپ كىرمەسلىكى كېرەكتى. بىز تەنقىدنى قاتمۇ-قات دەلىل ئىسپات بىلەن، پاكىز يۇرىكىمىز بىلەن قائىل قىلايلى، شۇنداق قىلساق قارشى تەرەپكە تەسىر قىلىدۇ. مەن غۇلام ئەپەندى، سىدىق ھاجى ئەپەندى، مەمتىمىن ھەزرەت قاتارلىق ئۇستازلارنىڭ ۋەتەندىكى تەنقىد ئۇسۇلىنى، بۇ يەرگە سۆرەپ كىرمەسلىكىنى، ئىلمىي تەنىقت ئېلىپ بېرىشىنى، بىزنى ئۇمىدسىزلەندۈرمەسلىكىنى ئۈمۈت قىلىمەن. ئارىدىنلا غۇلام ئاكىنىڭ تەنقىتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى خېلى بولىدىكەن، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۇسۇلىدا مەسىلە بار. دىمەكچى، ئىنقىلاپقا تەنقىد كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا لېنىن بىلەن تروتىسكى، مارخ بىلەن باكۇنىن، ماۋ بىلەن جاڭ لار ئوتتۇرىسدا تەنقىدلەر بولغان. بىر ئىنقىلاپتا تەنقىد چوقۇم بولۇش كېرەك. ئەمما بىز ماۋ دىگەن چۈپرەندىنىڭ ئۇسۇلنى قوللىنىپ تەنقىدچىنى سېپىتىشقا، ئۇجۇقتۇرۇشقا ئاران تۇرساق بولمايدۇ. دۇق تور بېتىدە تەنقىدي پىكىرلەر دەپ بىر بەت ئېچىشى كېرەك. بۇنى ئويلاشقاندا سەممىمي تەنقىدچى بىلەن خائىننى، شوھرەت تاماسىدا يۈرگەنلەرنىڭكى بىلەن چىن يۈرەكتىن چىققان تەنقىدنى پەرق لەندۈرۈش لازىم.
يارقىن ، تۇران قاتارلىق قەرىنداشلىرىمىنىڭ پىكرىگە يانداشقان ھالدا بەزى پىكىرلەرنى ئوتتۇرغا قويدۇم. ئۇيغۇر ئىنقىلابىنىڭ مەنىۋىيەت، ئەقىل قۇرۇلۇشى ۋە ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىنقىلابىڭ ئاساسى سۈپىتىدە ئىشلەشكە تىگىشلىك نۇقتىلاردىن ئويلىغانلىرىمنى مۇشۇنچىلىك سۇنۇپ تۇراي. قىلىدىغان ئىشلار بۇلا ئەمەس

خاتالىقنى سۈكۈت قىلىش داۋاغا خىيانەت قىلىشتۇر

تۇران

ئۇيغۇر خەلقى دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆز لىدىرىگە كۆرسۈتۈشكە تىگىشلىك ئىتائەت، ئىززەت-ھۆرمەت، پىداكارلىق، سەممىيەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ لىدىرى رابىيە قادىرغا تولۇقى بىلەن كورسەتتى. ئۇنىڭ بىلەن قالمىدى، مىللى داۋانىڭ جان تومۇرىغا تاقىلىدىغان كوپلىگەن رەسۋالىقلارغا، ئەڭ ئېغىر ھاقارەت دەرىجىسىدىكى خاتالارغا سۈكۈت قىلدى، سەبىر قىلدى ۋە بەلكى بىر كۈن كىلىپ ئايدىڭلىنىپ قالار دىگەن ئۈمۈتتە بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە سۇئالمۇ سورىمىدى. لىكىن مىللەتنىڭ ۋىجدانى ھىچبىرنى ئۇنتۇمىدى.

شۇۋتسىيە مەھكىمىسى تەرىپىدىن خىتاي جاسۇسلىقى بىلەن رەسمى قارىلانغان بابۇر مەقسۇت ۋەقەسى، بولۇپمۇ بابۇر مەقسۇتقا ھاۋالە قىلىنغان ئاتالمىش 4 تۈرلۈك تەلەپنىڭ نىمە ئىكەنلىكى ئۇيغۇر داۋاسىغا قاراڭغۇ. لىدىردىن بولسا ھىچ سادا يوق. لىدىر نامىدىن (دۇق نامىدىن ئەمەس) بۇ رەسۋاقچىلىقنى توغۇرلاپ 4 قۇر باياناتنامە ئېلان قىلغان لىدىر يولدىشى سىدىق ھاجى بۇ ھەققىدە ھىچ تەپسىلى توختالمىدى. ئىشلار كۆمۈلۈپ قالدى دىگەنىسرى شۋىتسىيە سوتى بۇ رەزالەتنىڭ ئۈستىگە باسا-باسا كىتىشكە باشلىدى. بۇ سۇئاللارنىڭ جاۋابى بىرىلمىگەچ لىدىر نىمە قىلسام مەن توغرا دىگەن سەلتەنەتكە چۆمكەندى.

تەشكىلي بىخەتەرلىك ھەققىدىكى تەكلىپلەرگە قۇلاق سالغان بولسا دۇق لىدىرى بۇگۈنكى بۇ رەسۋاچىلىق

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



.ئاستىدا شاپتۇلدەك ئېزىلمىگەن بولاتتى
ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ھېچكىم دۇق ۋە لىدىرىنى بۇ ئىشقا كۆچىمىدى دىمىدى. كۆچەش باشقا ،نەتىجە 22 ئېلىش باشقا گەپ. دۇق لىدىرىنىڭ 1 ئايلىق پىروغىراممىغا قارىساق ئەڭ موھىم دەپ قارالغانلىرىنى تاماملاش ئۈچۈن كوپ بولغاندا 7-8 كۈن يىتىپ ئاشىدۇ. 22 ئۇيغۇرغا سەل قارىغانلىق دەل مۇشۇ يەردىن چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئارىدا ۋاشىنگتوندىكى شۆھرەت ھوشۇر قاتارلىق كىشىلەر بۇ باللارغا ياردەم ئۈچۈن زورۇر بولغان ئىقتىساتنى توپلاش ئۈچۈن ھەر يەرگە تېلىفۇن قىلىپ چىقتى. لىكىن ئۇيغۇر ئويى دەپ قۇرۇق ئىسمىدىن باشقا ھېچ بىر ئەمىلىيتى يوق توپلانغان 3-400مىڭ دوللار پۇل ئامىرىكا بانكىسىدا ياتتى. چىققان نەتىجە ئۇيغۇرنىڭ تىخى ئېلىنمىغان ھەتتا ئېلىنىشى ياكى ئېلىنماسلىقى ئېنىق بولمىغان ئۇيغۇر ئويى 22 ئۇيغۇرنىڭ ھاياتىدىن قىممەتلىك بولۇپ چىقتى.

يىتەرلىك پۇل ئاجرىتىلغان بولسا 22 ئۇيغۇردىن قاچقان ۋە بۈگۈن ھاياتتا قالغان 2 ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرى قانداق بولغان بولسا بۈگۈن خىتايغا قايتۇرۇلغان 20 ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنداق بولاتتى. كامبودجا نوپۇسىنىڭ 4% گە يېقىنى مۇسۇلمان، يەنى ئەڭ ئاز 700،000 مۇسۇلمان ياشايدۇ. يوشۇرۇنۇشمۇ، بىر مۇددەتلىك ساقلىنىشمۇ قىيىن بولمايتتى. پەقەت پۇل يىتەرسىزلىكىدىن، بولۇپمۇ 22 قېرىندىشىمىز ھايات ۋە مامات ئارىسىدا مىنۇت سىكىنۇت ساناۋاتقاندا پۇلسىزلىقتىن قانچە كۈن زايا بولدى. ئەڭ ئاخىرى جان تۇمشۇققا كەلگەندە ب د ت ياكى ئۇسا كۆچىيەلمەس بولدى.

مەن پۈتۈن مەتبۇئات خەۋەرلىرىنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزدۈم. بۇلار ھەققىدە 1- خەۋەر ۋاشىڭتون پوست ئارقىلىق ئىلان قىلىنغان 3-دىكابىردىكى خەۋەردىن ئىبارەت. بۇندىن بۇرۇن خىتاي بۇ ئۇيغۇرلارنى بىلمىگەن، بىلسىمۇ ئۇنداق جىددى قارىمىغان. بەلكى خەلقارا جامائەت پىكرى توپلاش نىيىتىدە ئىلان قىلىنغان بۇ خەۋەر ئەڭ ئاخىرىدا قېرىندىشىمىزنىڭ تەقدىرىگە تاقالدى. بۇنى مەسئۇلىيەتسىزلىك دىمەي نىمە دەيلۇق؟

تېخى بۇ تىمىلار ئالدىرىماي ئىشلىنىدۇ. دۇق رەھبىرى تېخىمۇ ئىنچىكە ئەلگەكتىن ئۆتكۈزىلىدۇ. بەزىلەر دىگەننىڭ ئەكسىچە دۇق ۋە ئۇنىڭ لىدىرىنى تەنقىت قىلالىغان، ھىساپ سورالىغان، خاتانى تۈزىتىپ توغرىنى كۆرستەلىگەن ۋاقىت خىتاينىڭ بۇ داۋادىن ھەققى قورقىدىغان ۋاقتىدىن ئىبارەت. ئوچۇق بولۇش، جاۋاپكار بولۇش، مەسئۇلىيەتچان بولۇش قاتارلىق دىموكراتىك پرىنسىپلىرى تولۇق ئىشلىگەندە ئۇندىن دۇق لىدىرى كىچە چۈش كورۇپ ئەتىسى كورگەن چۈشى بويىچە ئىش قىلمايدىغان بولىدۇ. خىتاينىڭ جاسۇسىغا خىتاي بىلەن سوھبەت ئورۇنلاشتۇر دەپ رەسۋا ئىشلارنىڭ يېنىغا يېقىن يولالمايدىغان بولىدۇ. خەلقنىڭ پۇلىنى خەلقنىڭ ھاياتى ئۈچۈن سەرپ قىلالايدىغان بولىدۇ. نەتىجىدە داۋا كۈچلىنىدۇ. ھازىرقى يۇزلىنىش دۇقنىڭ ھالاك بولۇش يۈزلىنىشىدىن ئىبارەت. دۇق لىدىرىنىڭ ھازىرغىچە ئېلىپ بارغان شەخسى مەركەزلىك بىرتەرەپلىمە مەخپىي ئىجرائاتلىرى، ئورۇنسىز قۇرۇق بايانلىرى، ئىچى بوش، مەنتىقسىز شۇئار خاراكتىرلىق قۇرۇق پاراڭلىرى ئۇيغۇر خەلقىنى ھاياجانلاندۇرۇش ئەمەس بەلكى ئويلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ.

لىدىر بەرگەن قارارى بويىچە ۋە شۇ قارار ئاساسىدىكى ئىجرائاتلىرى بىلەن باھالىنىدۇ. قۇرۇق ۋەدىلىرى ۋە سۆزلىرى بىلەن ئەمەس. قۇرۇق سۆز كۆپ سۆزلەندى، خاتا قارارلار ئارقا ئارقىدىن بېرىلدى. خاتا قارار ئاساسىدىكى ئىجرائاتلارمۇ مانا مەن دەپ تۇرۇپتۇ. زىياننىڭ قايىردىن قايتسا پايدا. ئەمدى زىياندىن قايتىدىغان ۋاقىت كەلدى ۋە ئۆتتى.

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



رەھبەرلىرىمىزنىڭ قىلمىشلىرىدىن پارچىلار

سۆزگە-سۆز كەلسە ئاتاڭدىن قايتما
ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى

بىزدە بۇرۇن ماۋزىدۇڭ خىتايىنى كورۇش ئۇچۇن ئىشەك مىنىپ بېيجىڭغا يولغا چىققان قۇربان تۇلۇملار بولغان. بېيجىڭنى ۋە ماۋنى ھەرقانداق بىر خىتايدىنمۇ ئاشۇرۇپ ماختاپ شېئىر يېزىپ ناخشا ئىيتقانلار بولغان. رەسمىي، ھەيكىلنى تىكلەپ قويسا بۇتقا تازىم قىلغاندەك تازىم قىلىپ ئىشقا ماڭدىم دەپ رۇخسەت سورايدىغان يىللار بولغان. ئۇ مەزگىلدە پۈتۈن ئۇيغۇر جامائىتى بىر مەزگىل ئازدۇرۇلۇپ ماۋغا بۇتقا .چوقۇنغاندەك چوقۇندۇرۇلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تارىخى تىخى تۇنۇگۇنكى ئىشلار
بىراق چەتەللەرگە چىققان ئۇيغۇرلارغا خۇددى ئۇردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ئەركىن دۇنيانىڭ، مۇستەقىل مىللەتلەرنىڭ سۈيى يۇقمىدى. بۇنىڭ سەۋەپلىرى ھەركىمنىڭ ئۆزىگە ئايان. چەتەللەردە قۇللۇقا .كۆندۇرۇلگەن ئۇيغۇرلارغا يىگى بۇتلار تەييارلىنىپ ئۈستىگە ھەرخىل سىر بىرىلىپ ئالدىمىزغا قويۇلدى كىشىلىك ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنغان، قۇل قىلىنغان ئۇيغۇرلار كۆنگەن بۇ خىل يالاقچىلىق، قۇلچۇلۇقلاردىن پايدىلىنىۋاتقان سىياسى ھايانكەشلەر، ئوخشىمىغان ھەرقانداق كوز-قاراشنى رەت قىلىپ، چەكلەپ، خىتاي كۇچىغا، پۇلغا تايىنىپ تىئخىمۇ ئىپلاسلىشىۋاتىدۇ. مۇستەملىكىچى ھۆكمىران خىتاي مىللىتىنىڭ ئىقتىسادى، تەشۋىقات ئۈستۈنلىكىگە تايىنىپ يالاقچى قەلەمكەشلەرنىڭ، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئوبزورچىلارنىڭ مەدھىيەلىرى، شەخسىگە چوقۇنۇش تەرغىباتلىرىنىڭ رولى بىلەن پۈتۈن ئۇيغۇر جامائىتىنى يەنە بىر مەزگىل ئازدۇرۇپ بۇتقا چوقۇندۇرىۋالدى. بۇ خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەڭگۇ قۇل قىلىنىشىنىڭ موھىم ئالامەتلىرى. ئۇ ئۇيغۇر جامائىتىنى بىر مەزگىل ئازدۇرۇپ ئۇخلىتالايدۇ .
ئەگەر مەتبۇئاتنى تۇتۇپ تۇرغانلار باشقىلارنىڭ سوزلەش ھوقۇقىنى چەكلىسە ئۇ ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ يوقۇلۇش !تەرەپكە ماڭغانلىقىنىڭ ئوچوق بىشارىتى بۇ بولىدۇ
سىدىق ھاجى روزى قاتارلىقلار بىلەن غۇلام قاتارلىقلار ئارىسىدىكى ئادالەتسىز مۇنازىرە ئۈستىدە .سوزلىمەكچىمەن
ئۇيغۇرلار يىڭىچە سالام بىرىشنى تىخى بىلمەيمىز. ھەرقانداق ئادەمنى، ئۇيغۇر دۈشمەنلىرىنى، قانخور ساتقۇنلارنىمۇ قېرىغانلا بولسا ھۆرمەت قىلىدىغان«ئادەمگەرچىلىكىمىز» بار. ئەمما 80 گە كىرگەن جىنايەتچى، قاتىللارنى ئامىرىكا ۋە باشقا دولەتلەردە ئۆلتۇرۇپ جازالايدۇ. ئومۇمەن «پىشقەدەم»لەرنى ھۆرمەتلىمىگەنلىكىمىزنى ئەيىپلىگەن ئابلىكىم باقىنىڭ يازمىسى قېرىغان خىتايىنىمۇ ھۆرمەتلەشكە .چاقىرىقتىن ئىبارەت
مەنىۋى ئانىمىز» رابىيە قادىرنىڭ يولدىشى - مەنىۋى پىشقەدەم ئوبزورچى«س.روزى سەن كىم؟ مەن» كىم؟ ئىككىمىز ئادالەت تارازىئىسدا تارتىلىپ باقايلى! مەن تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە باسقان ھامان سەن ئۇ پەللىسىدىن سەكرەپ ئۇچۇپ كوزور ئايالىڭ رابىيەنى ئەركىن ئەيسا پۇدەپ چىقىرىپ قويغان يەرگە چىقىپ قالىسەن. ئۇ يەردىن چۈشەلمەيسەن. سەن ۋە تەرەپتارلىرىڭ كىشىلىك ئوبرازىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ ئىنسان قىلىپىدىن چىقىپ قارىغۇ دەپ ھاقارەت قىلىپ توختىمىغان ھۇجۇم نىشانىڭ غۇلام زۇلپىقار ۋە باشقا ھەرقانداق بىر پاك ئۇيغۇر ئۇ تارازىدا مەندىنمۇ ئىغىر كىلىدۇ. سىنىڭ نەگە سەكرايدىغانلىقىڭ ئوزەڭگە ئايان. ھەرقانداق خاتالىرىدىن قەتى نەزەر غۇلام بىر ئۇيغۇر قەلەمكىشى. سەندەك خىتايپەرەس قەلەمكەش !ئەمەس
دۇق ۋە باشقىلارنىڭ يازمىلىرى بۇ توربەتتىن ئېلىپ تاشلاندى. سىنىڭ غۇلامغا يازغان ئەيىپلەشلىرىڭ، ھاقارەتلىرىڭ دەل بۇ قېتىمقى سايلامنىڭ ئالدىنقى تەڭشىكى ئىكەنلىكى ئاشكارلاندى. قېنى تۇنۇگۈنكى يازمىلار؟ سەن ۋە كوزور خوتونۇڭ بۇ توربەتنىڭ مەسئۇلىغۇ؟
سىنى سەن دىمەي، سىلە دىيىشكە قىيىق ھەركىم. مەن ھەم. چۈنكى سىنىڭ قول ئاستىڭدىكى بۇ توربەتتە باشقىلارنى كۇشكۇرتۇپ پېقىرنى تىلى بىر يەردىن چىقىدىغان 4 ئۇيغۇر بىرلىشىپ ئۇنى ئولتۇرىۋىتىڭلار، بولمىسا ئىككى پۈتنى بىر ئۆتەككە تىقىپ بېيجىڭغا ئىۋەتىۋتىمىز دەپ ئىلان چىقىرىلغان ئىدى. سەن ئۇ قاتىللار بىلەن تىلىڭ بىر ،خىتاي تەرەپكە ئۆزۈڭدىن بىرى قىيسايغان بىرسەن. بېيجىڭغا ئىۋەتىۋەتكەنلىرىڭ ئاز ئەمەس. شۇنداق تۇرۇپ سەن قاتىلنى سىز، سىلە ياكى ھۆرمەتلىك دەيدىغان كىم بار؟

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



پىشقەدەملەرگە ھۆرمەت سەندەك قاتىللارغا قانداقمۇ ئۇيغۇن كەلسۇن؟
سېنىڭ يازماڭنى ئوقۇدۇم.سېھرى كۆچكە تولغان ئەسەرلەر ئىكەن دەپ يازغان ياغچى- سەن ئوزەڭدەك تۈرسەن. پاھ، سەھرى كۆچۈڭنى سىنىڭ! بۇنى يازغان ئوزەڭ بولمىساڭ، باشقا بىرى مىنى مەسخىرە !قىلىۋاتىدۇ دەپ بىلمەمسەن؟ ھەي، بايقۇش ئادەم
سەن ئەركىن ئەيسا شىنجاڭنى 3-قېتىم ختايغا ساتتى دەپ ماقالە يازغان سىدىق ھاجى روزى ئىدىڭ. ئۇنى ئىلان قىلىپ بولۇپ ئامېرىكىدىن بىرىش -كېلىشىڭنى ئەركىن ئەيسا كۆتەرگەندىن كىيىن پەرھات يوروڭقاش رىياسەتچى بولوپ ئورۇنلاشتۇرغان ئۇ-تۇ سەھنىسىدە رابىيە قادىرغا ئەركىن ئەيسا لۆكچەكلەرچە جىنسى چېقىلغاندا غىڭ دىمىدىڭ. رابىيەگە دۈق رەئىسى دىگەن مەنسەپ كەلدى.سەن ئەركىن ئەيسا ساتمىدى دەپ يىنىۋالدىڭ. كەينىڭگە ياندىڭ - ھەي پىشقەدەم يانغاق. 3-قېتىم ختايغا ساتتى دېگىنىڭگە ئەركىن ئەيسا ختاي قولى بىلەن سەندىن ئۆچ ئالدى. سەن قانچىنچى قېتىم ساتقان بولسەن؟ بۇ ئايلاردا پاۋلۇۋنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات تىئورىسى ھەر يەردە سوزلىنىۋاتىدۇ.سەن ئىنسانلارنىڭ كەينىگە تىز تەرەققى قىلىشنىڭ تىئورىسىنى كەشىپ قىلدىڭ. بارىكاللا ساڭا پىشقەدەم- ئۇستاز. ئوز ئايالىنى نەچچە يۈز ئۇيغۇرنىڭ كوز ئالدىدا بىر لۆكچەكنىڭ رەزىل ۋاستە قوللۇنۇپ، ئىختىيارلىقى بولمىغان ئەھۋالدا، قولى بىلەن زالىنىڭ ئۇ بۇرجىكىنى كورسۇتۇپ زورلۇق بىلەن سۆيۈۋېلىشىغا قانداق بىر ئۇيغۇر يول قويۇپ، چىداپ تۇرالايدۇ؟ ئۇ سىنىڭلا ئايالىڭ بولسا مەيلى ئىدى. ئۇ ئابلىكىم باقى، پەرھات مۇھەممەت، مەككە مۇخبىرلارنىڭ ۋاي ئانام دەپ يوقنى ماختاپ ھالۋا قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا مەنىۋى ئانا قىلىپ قويغان ئەۋلىياسى ئەمەسمىدى؟
ت رت غا چىقىپ: چىن مىللىتى قالتىس مەدىنيەتلىك، كۈچلۈك...دىگەن بىر ئەبلەخ سىلەرنىڭ ئاناڭلارنى شۇنچىلىك دەپسەندە قىلسا سىلەر تۇردى غوجىغا ئوخشاش قاراپ تۇردۇڭلار. بىز قاراپ تۇرمىدۇق. بىزنىڭ ئانا بولمىسىمۇ ئۇيغۇر لاتا تىجارەتچىسى ئايال بولغانلىق شەرىپىگە ئۇنىڭ ئىپپىتىنى ئاشكارە سورۇندا قوغداش بۇرچىمىز. توڭگۇز يىگەن تۇمشۇقىنى مەنىۋى ئاناڭلارنىڭ ئىپپەتلىك يۈزىگە سۈركىسە ماقۇل دەيدىغان قانداق ئۇيغۇرلار سەنلەر؟
ئۇيغۇرلارنى موشۇنداق ھاقارەت قىلىپ، كولدۇرلۇتۇپ ئوينىشامسەن -ھەي ساتقۇنلار! رىياسەتچى قەلەمكەشلەر! سەنچۇ؟-ھەي تىجارەتچى ئايال! ئۇ ئەبلەخنىڭ ئىپلاس يۈزىگە نەق مەيداندا كەلتۈرۈپ بىر تەستەك سالالمىغان ساختىكار ئانا! سىنى كىملەرنىڭ قولوڭنى تۇتۇپ قويۇشىدىن، سەھنىلەرگە چىقىرىپ .ختايدىن نەپ ئىلىشىدىن قەتى-نەزەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ساڭا قارايدىغان كوزى يوق
يۇل ختاي قىرغىنچىلىقى ھارپىسىدا سەن ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايدۇدەپ دۇنياغا-5 جاكارلىغاندىن كىيىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزى بىر ئۇيغۇر ئانا كۆردى. ختاي تانكىسىغا قارشى ھاسا تاياق بىلەن قورقماستىن يۈرگەن ئۇ ھەقىقى ئۇيغۇر ئانا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزىگە چۈشتى. سەن كىمسەن؟
ئوقۇرمەنلەر، يۇقارقىلار زورمۇ-زور ماختالغانلارنىڭ ئەخلاقى بۇزۇقلۇقلىرىنىڭ بىرلا مىساللىرى. ئىشنىڭ موھىم تەرىپى ئەركىن ئەيسا، س.ھاجى روزى ۋە پەرھات، ئابلىكىم باقى، ئۇمەر قانات ۋە ختاي باياناتچىلىرىنىڭ يازمىلىرى دىققەت قىلىنسا يولنى ئازغاشتۇرىدىغان، دىققەتلەرنى بۇرمىلايدىغان، ئۇيغۇرلارنى پالاكەتكە .زورلايدىغان پىرىنسىپال جىنايەتلەر بىلەن تولغان. ئۇ تۇپەيلى بىز كەينىگە كېتىۋاتىمىز
بۇلارنىڭ ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان ئاساسى ئىدىيەسى بەك ئوچۇق. ئۇلارنىڭ بانا-سەۋەپ توقۇغانلىرىدەك - ختاي كۈچلۈك دۈشمەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئاجىز رەقىبى ئۇيغۇرلارنى تىنچلىق ،ختاي بىرلىكى، ئىتتىپاقلىق، سوھبەت، جۇڭگو دىموكراتىيەسى ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ...لار ئارقىلىق ختايغا يەم قىلىپ بېرىشتىنلا ئىبارەت. بۇنى كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟ قارشى باشقا بىر نەرسە دىيەلەيدىغان بارمۇ؟
بار، پەقەت ھاقارەت بىلەن، تۆھمەت بىلەن بىر نەرسە دەيدىغان ئەبلەخلەرلا بار! ئۇلار دولىمىزغا - ..چۈشكەن قۇرۇتلار
توربەتتە س.ھاجى روزى ۋە پەرھاتلارنىڭ يازمىسىغا قارشى بىرىلگەن ئەيىپلەشلەر، رەددىيە ۋە پىكىرلەر ئارقا-ئارقىدىن ئىلىپ تاشلاندى. رەددىيەگە قارشى ھاقارەتلەر ئېلىپ تاشلانمىدى. ئۇئانا مەسۇللىرى موشۇ دەرىجىدە ئىپلاسمۇ؟ بۇنىڭ ئوزى ختايچە زالىملىق. دىموكراتىيە ۋە ئۇيغۇر ئەركىنلىكىگە قىلىنغان دۈشمەنلىكتىن باشقا نىمە؟
رابىيە قادىر ختاي تۈرمىسىدا بەرگەن قەسەمدىن ئەركەكلەرچە يانمىدى. س.ھاجى روزى ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك، دىموكراتىيەنى ختاي بىلەن تىنچلىقتا بىللە ياشاپمۇ قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ-دىگەن ئوبزورىنىڭ سىنارىيەسىنى يېزىۋاتىدۇ، ئۇنى كۆچەپ تەرغىپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق يازمىلىرى تەيپۇنەم نىڭ ۋاختىدىكى كونا گەپلەر. مىللى بۇرجۇئازىيە دەپ ماختىغان خىنىم رابىيە- بالا-چاقىلىق، بويتاق، ئىشسىزكەن دىمەي بىچارە ئۇيغۇرلاردىن 500 دوللاردىن ئادەم بىشىغا سىلىق سېلىپ قويمىچىلىقنى

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



باشلىدى. مىللى بۇرجۇئازىيە موشۇنداق بولامدۇ؟ پىشقەدەم روزى، مىللى بۇرجۇئازىيە مافىيەمۇ؟ باشقىلارغا
.يېزىش ئىمكانى  توربەتتە يوق. سوزلەش رادىئودا يوق
رادىئونىڭ ئەسلى باشلىقى ختاي قۇربان ۋەلى، ئۇنىڭ ئايالى قاراختاي، قىزى قارا ختاي- تىگىدىن ختاي
قۇربان ۋەلى رف ئا،دۇق، ئۇئائا نىڭ ئەتىۋالىق ئەربابى. بۇ نىمە ئۇچۇن؟. ئۇنىڭ 20 يىلدىن بىرى گىپى يوق-
بىرلا جۇڭياڭغا يوللانغان ماخمۇت قەشقىرى مازىرى دوكىلاتى بار. بەك يوشۇرۇن ھىچ گىپى يوق، ئەمما
ئىشى چوڭ... ئۇ ئىش باش رىداكسىيەلىكى ۋە نازارىتىنى قىلغان رف ئا ،دۇق لارنىڭ بۇگۈنكى ئەپتى-
بەشرىسى.رف ئا غا تەكلىپ قىلغان «ئوبزورچىلار» ۋە قەلەم بىلەن ساتىدىغانلارنىڭ بۇگۈن ئاشكارە بولغان
.ئەپتى-بەشرىسى. ۋەھىمىلىك ئىشلار ئەتە بىر-بىردىن سوكۇلۇپ چىقىدۇ
ئۇئائا، دۇق، رف ئا لارنىڭ مەسۇللىرى بىر قوتاندىكىلەر. بۇ ئىنسانلار ختاي سايىسىدا باشقىلارنى قورقۇتۇپ
مەنلا سوزلەيمەن دەپلا كەلدى. ئوخشمايدىغان كوز-قاراشتىكى ئۇيغۇرلارغا ياۋروپادا، ئامرىكادا، تۇركىيەدە
تۇرۇپ سۆز قىلىش، يېزىش ئەركىنلىكى بەرمەيۋاتىدۇ- يۇ، ختاي ئۇيغۇرلارغا قانداق بەرسۇن؟ كىمگىنى
مايمۇن ئوينۇتسەن؟-دەيدىغان ئۇيغۇر يوق! بۇنىڭغا نىمە دەپ جاۋاپ بىرسەن قۇربان ۋەلى تەكلىپ قىلغان
ئوبزورچى لار- پەرھات ئالتىدەن بىر (يورۇڭقاش)، ئابلىكىم قالىغاچ باقى؟، سىدىق ھاجى. روزى
.يانغاق...لار
بۇ توربەتتە ختايلار بىلەن سوھبەت ئىلىپ بىرىلدى. ئادەتتىكى بىر ختاي بىلەن ئۇنىڭ سىياسىيۇنلىرى
توربەت مەسۇللىرى تەرىپىدىن چەكلەنمەستىن ئەتىۋارلىنىپ ھەرقانداق گەپ-سوزلىرىگە رۇخسەت
قىلىندى. پۈتۈن ستۇنلار بەزىدە ختاي گىزىتىگە ئوخشاپلا قالدى.ئۇنى ئۇيغۇرلار ئوقۇيالمايدىغانلىقى بىلەن
بۇلارنىڭ پەرۋايى -پەلەك بولدى. بۇلار كىم؟
ئەمىلىيەتتە بۇگۈن ھىچ-بىر ختاي ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقى، كىشىلىك ھوقۇقى ۋە مىللى مەۋجۇتلىقىنى
.ياقىلاپ سوزلەپ باقمىدى
بۇ توربەت ئۇئائا جۇڭياڭ، ئاپتونوم رايۇننىڭ مۇستەملىكە سىياسەتلىرىنى، ئۇيغۇرلارغا قورقۇنچ سالىدىغان
تەھدىتلىرىنى تەشۋىق قىلىپلا كەلدى. بىراق چەتەللەردىكى شۇنچە كوپ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە تەشكىلاتىمىز
دۇق دىن ئىبارەت گىرمانىيە دولىتى قانۇنى رۇخسەت بەرگەن 9 يىللىق تەشكىلاتىنىڭ مەسۇلى ۋە
رەھبەرلىرىنىڭ ماقالەلىرىغا رۇخسەت بەرمەي كەلدى. ئىلھام توختىغا ختايلارمۇ بۇنداق چەكلىمە
قويالمىغان ئىدى. دۇق نىڭ تەلىۋى بىلەن كىيىن قويدى. چەتەللىكلەر  دۇق دىن ئىلھام توختىنى
...تاپالمىدى. بابۇر جاسۇسنى تاپتى. دۇق غا ھا كەلدى. ختاي دۇقنىڭ تەلىۋىنى دەرھال ئورۇنلىدى
ئەمما يامانلارنىڭ ئىسيانلىرى ئۇيغۇرلار چوقۇنۇپ كەلگەن ئەركىن ئەيسا باشلىق بۇتلارنى، كوزۇر مەنىۋى
ساپاللارنى چېقىپ تاشلىدى.... چوقۇندۇرغانلارنىڭ ھەددىنى بىلدۇرۇپ قويدى. يىڭى يول، يىڭى قاراشلار
!ئوتتۇرىغا ئېتىلدى. ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلماي، مەغلۇپ بولغان يولدا مىڭۋىرىشكە بولمايتى
ئەگەر سىدىق ھاجى.مۇسا ۋە باشقىلارنىڭ يازمىلىرىدا خاتالىق بولسا كورسەتمەي تۇرۇپ پەرھات يورۇڭقاش
بىلەن ئابلىكىم باقىلارغا ئوخشاش:  بىر ئايالنى بىر ئاي ئويگە سولىۋالغان، قارىغۇ، بىر كوزى قارىغۇ دىسە بۇ
ھايۋانلىق بولمامدۇ؟ رەددىيەگە جاۋاپ قايتۇرالماي ئىنساننىڭ جىسمانى ئەيىۋىنى ئېچىش، ھاقارەت ئورنىدا
قوللۇنۇپ مىيىپلارنى پەس كۆرۈش، خورلاش دىموكراتىك دولەتلەردىلا ئەمەس يىزا- قىشلاقلىرىمىزدىكى
ئوقۇمىغان ئۇيغۇرلىرىمىزدىمۇ كۆرۈلمەيدىغان ئىش. بەزى دولەتلەردە بۇ ھايۋانى ئەبلەخلىقا ئۆلۈم جازاسى
بېرىلىدۇ. بۇ قىلمىشلارنىڭ ئىگىلىرى ختاي خوتۇندىن بولغان ئالپتىكىنلەر ۋە ئۇلارنىڭ شەرمەندە
قەلەمكەشلىرى بولۇپ، مىكروسوفت ئىنتىرنېت مەركىزىدە ھەرگىز ئۆچۈپ كەتمەيدۇ. ئەتە-ئۆگۈن ئۇلار
ھىچكىمگە سىر ئەمەس بولوپ قالغاندا بۇ ئادەم سىياقىدىكى ھايۋانلار جازاسىنى تارتىدۇ. شىنجاڭ
.ختاينىڭ ئالتىدەن بىرى دىگەن بۇ تىپ ساتقۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىلىيۇندەن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ
ئۇيغۇرلارنى ئۇنۇتقان دۇنيانى ئامرىكا بىلەن بىرگە قوشۇپ ختايلار قورشاۋغا ئىلىۋاتقانلىقى بىلىنمەكتە. بۇ
نوقتا 1992-يىلدا ئىستامبۇلدا ئىلان قىلىنغان  ئۇيغۇرىستاننىڭ بۈگۈنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەتىسى، روسيە ۋە
ياۋروپانىڭ ئوگۈنى سەلەۋھەلىك ماقالەدە ئوچۇق شەرھلەنگەن. بۈگۈن قازاقلار ئۇيغۇرىستاننىڭ ئەتىسى
بولمايمىزدەپ ختايغا قارشى نامايىشتا توۋلىغان شۇئار -قازاقىستاننىڭ مىللى شۇئارى بولۇپ قالدى.
.دۇنيانىڭ شۇئارى بولۇپ قالغۇسى

ئەۋلاد گۈزۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



رابىيە قادىرخانىمغا خەت

مۆھتەرەم رابىيە خانىم
ئۆتكەن يىلى ئامېرىكىدا بولۇپ ئۆتكەن دۇق قۇرۇلتايىدا مىنىڭ مەسلەھەتچى بولۇپ سايلانغانلىقىم ئىپادە قىلىنغان ئىدى. ئەمما يېشىمنىڭ 70تىن ئاشقانلىقى، سالامەتلىكىمنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى، ۋاقتىمنىڭ كۆپىنىڭ دوختور ۋە كېسەلخانىلاردا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ مەسلەھەتچىلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا قىلغانلىقىمنى ئۆزلىرىگە بىلدۈرىمەن. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە مىنىڭ دۇق غا پايدىلىق بولىشىممۇ زادى مۇمكىن .ئەمەس
موشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، سىلە ئامېرىكىغا كەلگەن كۈندىن تارتىپ ئارىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى بىر ئالاقىدار .ئىشلارۇستىدىمۇ توختۇلۇپ ئۆتمەكچىمەن
ئامېرىكا قوشما شتاتلارىغا (ئاق ش) چىققان كۈندىن تارتىپ سىلىنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قوغداپ كەلگەنلىكىمنى، سىلىنى دۇق رەئىسلىكىگە كاندىدات بولۇشقا ئۈندەشكە تىرىشقانلىقىمنى ۋە سىلىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھەر تۈرلۈك ھۇجۇملارغا رەددىيە بېرىپ «ئىت كاپشىيدۇ كاراۋان كېتىۋېرىدۇ» دەپ سىلىنى ھىمايە قىلىشقا تىرىشىپ كەلگەنلىكىمنى پەقەت يۇرتتاشلارلا ئەمەس، بەلكىم بىزنىڭ پائالىيەتلەرىمىزنى يېقىندىن قوللاپ كېلىۋاتقان ۋە بىزگە ماددى ۋە مەنىۋى يار يۆلەكتە بولۇۋاتقان پۈتۈن .چەتەللىكلەرمۇ ناھايتى ياخشى بىلىدۇ
ھالبۇكى ئىككىمىزنىڭ بىربىرىمىزگە ئۆتكۈزۈپ قويغان بىر ھەققى يوق. بىربىرمىزگە خوشامەت قىلىدىغان بىر مەجبۇرىيەتىمىز يوق. ئىككىمىز بىربىرىمىزگە ئالتۇنمۇ كاكىلاپ بەرمەيمىز. گەرچە قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز .بىربىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، ھەر ئىكىمىزنىڭ رىسقىنى ئاۋال ئاللاھ ئاندىن ئامېرىكىلىقلار بېرىۋاتىدۇ
ئۇ چاغدا مەن سىلىنى نىمىشقا بۇ قەدەر ياقلاپ-قۇۋۋەتلەپ كەلدىم؟
بۇ سوئالنىڭ تولۇق جاۋابىنى ۋەتىنىم تور بېتىنىڭ مەن بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى جەريانىدا بېرىپ بولغان ئىدىم. بۇ جاۋابىمغا تۆۋەندىكلەرنىمۇ قوشۇپ جاۋاپ قىلاي: 1989 يىلى تىئەن ئەن مىن قەتلىئامىدىن كىيىن ئۆركەش دۆلەت شۇتسارىيەگە قېچىپ كەلدى. ئامېرىكىلىق ئاغىنىلەر ئۆركەش بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مىنى شۇتسارىيەگە ئەۋەتتى.ئەمما مەن ئۇ يەرگە بېرىپ بولغۇچە ئۆركەش فرانسىيە ئارقىلىق ئامىرىكىغا كتىپ قالغان. ئۆركەشنىڭ شۇ چاغدا قولىغا ئۆتكەن ئامەت ھىچ بىر شەرقى تۈركىستانلىقنىڭ قولىغا ئۆتمىگەن ئىدى. ئەمما ئۇ پەقەت جۇڭگو دەپلام كېتىۋەردى. ئارقىمۇ ئارقا ئۇنىڭغا خەۋەر ئىۋەتىپ 9 قېتىم جۇڭگو دىسەڭمۇ، بىر قېتىم ئۇيغۇر ۋە شەرقى تۈركىستان دىگىن دەپ يالۋۇرۇپ كەتتىم. ئەمما دىگۈزەلمىدىم. شۇ مەزگىللەردە دالاي لاما ئاق ش گە باردى. ئاق ش گە بېرىشىدىن بۇرۇن دالاي لاما بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ، ئەگەر ئامىرىكىدا ئۆركەش بىلەن كۆرۈشۈپ قالسىڭىز ئۇنىڭغا ھازىر قولۇڭدا شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى تونۇتۇش، ئالغا باستۇرۇش ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە مال قىلىش ئۈچۈن ناھايتى ياخشى بىر پۇرسەت بار، بۇنىڭدىن پايدىلىنىشىڭ كېرەك دەپ نەسىھەت قىلسىڭىز دىگەن رىجادا بولدۇم. دالاي لاما، ئامىرىكىدا ئۆركەش بىلەن ئۇچراشقاندا ئەينى گەپلەرنى قىلغان. ئەمما ئۆركەش، دالاي لاماغا ھازىر پۇرستى ئەمەس دەپ جاۋاپ بەرگەن. دالاي لامادەك بىر ئادەم خاپا بولۇپ ئۆركەشكە قاچان كېلىدۇ بۇ پۇرسەت دەپ ۋاقىرىغان. ئەگەر ئۆركەش شۇ چاغدا قولىغا ئۆتكەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر ۋە شەرقى تۈركىستان دىگەن سۆزلەرنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسىتى، دەۋايىمىز ھازىرقىسىدىن يەنە 25 يىل ئالغا باسقان بولار ئىدى. چۈنكى بىزگە ئوخشاش بىر مىللەتنىڭ داۋاسىنى پەقەت سىياسىيونلار ئارقىلىق ئالغا باستۇرۇش مۇمكىن.
ئەگەر سىياسىيون بولمىسا داۋا بارغانسىرى سولۇشۇپ كېتىدۇ. مانا سىلە بىر سىياسىيون ئىدىلە. سىلە ئارقىلىق شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى تېخىمۇ كۆپ تەرغىپ قىلىش مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن .سىلىنى چىڭ يۈرەكتىن ياقلاپ-قۇۋۋەتلەپ كەلدىم
ئاللاھ رازى بولسۇن، ئامېرىكىلىقلار سىلىنى ختاي زىندانىدىن قۇتغۇزۇپ ئېلىپ چىقتى. نەد ئارقىلىق سىلىگە ماددى ئىمكان تەمىن قىلىپ بەردى. شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تەرغىپ قىلىشلىرى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان پۈتۈن ئىمكانىيەتلەرنى ھازىرلاپ بەردى. سىلىمۇ بۇ ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ شەرقى تۈركىستان دەۋاسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇش، قۇبۇل قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ يار يۆلىكىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن چوڭ بەدەللەر تۆلەپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىلا. ئەمدى بۇ مۇۋاپىقىيەتلىك پائالىيەتلەرنى تىز پارلاپ ئۆچۈپ قالىدىغان بىر سامان ئوتى بولىشتىن چىقىرىپ، ئۇزۇن ۋاقىت يېنىپ تۇرۇدىغان بىر چوغ ياكى مەشەلگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىشلىرى كېرەك. چۈنكى قىلىنغان خىزمەتلەر تىز ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ. ئالدىمىزدىكى 10-15 يىل ئىچىدە ئاناۋەتەندىن چىقىپ قالىدىغان باشقا بىر لىدىرىمىزمۇ

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



هازىرغىچە ھېچ بىر ئىش قىلىنماپتۇ دېگەن ئويغا كېلىپ قالمىسۇن. چۈنكى 250 يىلدىن بىرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق كۆرشى سىلە بىلەن باشلانمىدى ۋە سىلە بىلەن تۈگىمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئاسان بولسىمۇ بىز بەندىلەر ئۈچۈن ناھايىتى قىيىن بىر داۋا. بۇنىڭ ئۈچۈن شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق كۆرەشىنى بىر چوغدەك كېلەچەك نەسىللىرگە ئامانەت قىلىش مەجبۇرىيەتلەرى بار.

ئەمما سىلە، مېنىڭ سىلىگە كۆرسەتكەن بۇ سەممىيەتىنىڭ يۈزدە بىرىنىمۇ ماڭا كۆرسەتمىدىلە. بۇ توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ مىساللار بار.سىلىگە بىر قانچىسىنى ئەسلىتىپ ئۆتەي. ئانام دەپ ئەتراپلىرىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن ياشلارنى بۇلار ئەركىننىڭ ئادەملىرى دەپ يەكلىدىلە. ھالبۇكى دېمۇكىراتىك دۆلەتلەردە ھېچ كىم ھېچ كىمنىڭ ئادىمى بولالمايدۇ، بەلكىم بىر داۋانىڭ ئادىمى بولالايدۇ. شەخسكە سېغىنىش، بىر شەخسنى تەڭرىلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇش پەقەت دىكتاتورلۇك تۈزۈملەردە بولالايدۇ. بىزنىڭ، ئۆزىمىزنىڭ بۇنداق قۇللۇق مىجەزدىن ئازاد قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. كۆپ يەرلەردە ئۆزارا ئولتۇرۇشلاردا ئەركىن مىللەتنىڭ ئىچىدە مىنى ماختىغان بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، ئەسلىدە ماڭا قارشى دەپ كەلدىلە. ھالبۇكى، مىنىڭ سىلىنى مىللەتنىڭ ئىچىدە ماختايدىغان ئارقىلىردىن تىللايدىغان بىر مەجبۇرىيىتىم يوق ئىدى. تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن مىنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىپ بەرگەن ئادەملەرگە دەرھال رەددىيە بەرمەي، ئۇلارنى ھىمايە قىلىپ چىقتىلا. ھالبۇكى مەن سىلىنىڭ غەيۋەتلىرىنى قىلغانلارغا دەرھال رەددىيە بېرىپ سەن رابىيە خانىمدىن شىكايەت قىلىش ئورنىغا ئەۋۋەل ئۆزەڭنى تۈزەت دەپ كەلدىم. بۇنىڭ شاھىتلىرى ناھايىتى كۆپ. تور بەتلەردە ماڭا قارشى بەزى بىر خەتلەر ئېلان قىلىندى. دۇق رەئىسى، بىر لىدىر ۋە بىر مەنىۋى ئانا سۈپىتىدى تور بەتلەردە بىر ئوچۇق خەت ئېلان قىلىپ مىنى ھىمايە قىلالمىدىلا. ھالبۇكى مەن ئادىتىم بولمىغان ھالدا، تور بەتلەردە سىلىنى ھىمايە قىلىپ ئۈچ خەت ئېلان قىلدىم. 2008 يىلى 5 ئاينىڭ 28 كۈنى سائەت 16:36 دا ماڭا تېلفون قىلىپ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن دىيالوگ قۇرساق نىمە دەيلا دەپ سورىدىلا. مەن سىلىگە دۇق ئىجرا ھەيئىتىنى دەرھال يىغىنغا چاقىرسىلا، ئۇلارنىڭ پىكرىنى سورىسىلا، ئېلىنىدىغان قارارغا قاراپ يول تۇتسىلا دەپ مەسلەھەت بەردىم. ئەمما سىلە ماڭا مەسلەھەت سوراشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن خىتاي ھۆكۈمەتىگە دۇق نامىدىن دىيالوگ ئۆتكۈزۈشكە تەييارمىز دەپ رەسمى خەت يېزىپ بولغان ئىكەنلا. خىتايلارغا خەتنى يېزىپ بولاپ ماڭا مەسلەھەت سوراشلىرى بىر سەممىيەتسىزلىك بولۇپ ھىساپلانمامدۇ؟ خوشياققان چاغلاردا ماڭا ئەركىن ئاكا دەپ قويۇپ، تۈركىيەلەرگە تېلفون قىلىپ، گۇناھ ۋە ساۋاپلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ راھمىتىگە ئېرىشكەن مەھمەت ئەمىن بۇغرا، ئەيسا ئەپەندى ۋە ئوسمان باتۇرلار بىلەنمۇ ھەپىلىشىپ، بۇلار توغرۇلۇق نىمىشقا يىغىنلار ئۇيۇشتۇرۇلدۇ، بۇلارنىڭ رەسىملىرى نىمىشقا ئېسىلدۇ، بۇلار توغرۇلۇق نىمىشقا كىتاپلار نەشر قىلىنىدۇ، بۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئەركىن بارمۇ دېگەنگە ئوخشاش سۆرۈشتۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردىلا. ئەگەر تۈركىيەلىك قېرىنداشلار ئاللاھنىڭ راھمىتىگە ئېرىشكەن بۇ ئادەملەرگە بولغان ئۆزىنىڭ ۋاپا ھىسسىنى ئورۇنداشقا تىرىشقان بولسا بۇنىڭ سىلىگە نىمە زەررى بار؟ گەرچە مەن تۈركىيەدە بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا يوق ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا بولۇپ قالغان بولسام نىمە قىلاتتىلە؟ دادام، سەبداشلىرى ۋە شەھىتلىرىمىزنىڭ روھىنى شاد قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىن ۋە نەزىر-چىراقلارنى سىلىدىن ئىجازەت ئالماي قىلغىلى بولمامدۇ؟ ھازىرغىچە تۈركىيەدىكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇنداق يىغىن، نەزىر ۋە چىراقلارغا خىتايلار قارشى چىقىپ كەلگەن ئىدى. ئەمدى سىلىنىڭمۇ بۇنداق ئىشلارغا قارشى چىقىشلىرىنىڭ سەۋەبى نىمە؟

مەن سىلىنىڭ بۇ سەممىيەتسىزلىكلىرىنى ياخشى بىلگەن ھالدە، بۇنى يۈزلىرىگە سالماي، خىتاينىڭ نېنىغا سۆرۈپ بەرمەي، سۇنغان قول يەڭ ئىچىدە قالسۇن، چوڭ بەدەللەر تۆلەپ خىزمەت قىلىۋاتقان رابىيە خانىمنىڭ كوڭلىنى رەنجىتىپ قويماي دەپ ھەم سىلىنى ۋە ھەمدە ئۆزەمنى ئاياپ، 2006- يىلدىن بۇيان دۇق تەرەپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان قۇرۇلتاي، پۇرۇلتاي، دائىمى كومىتىت يىغىنلىرى ۋە كۇرسلىرىغا قاتناشماي كەلگەن ئىدىم.

ئەمما 26. 2. 2010 تارىخىدا مىيۇنخىن شەھرىدە ئېچىلغان دۇق دائىمى كومىتىت يىغىنىدىن بۇرۇن ئەنۋەرجان تېلفون قىلىپ بۇ يىغىنغا قاتنىششىمنى، چەتتىن كېلىدىغانلارغا بىر زىياپەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مىنىڭ 70 ياشقا كىرگەنلىگىمنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى ئېپادە قىلدى. بىلگەنلىرىدەك، مەنمۇ بۇ مىيۇنخنغا بېرىپ بۇ يىغىنلارغا قاتناشتىم.

27.2.2010 كۈنى ئېچىلغان دۇق دائىمى كومىتىت يىغىنىغا كىرىشىم بىلەن بىر جىددىيەت بولغانلىقىنى ھىس قىلدىم. ھازىرغىچە ماڭا كۆرسەتكەن سەممىيەتسىزلىكلىرىگىمۇ قارىماي، سىلىگە قارشى ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئالدىنى ئەلىش مەقسىدىدە، ۋەتىنىم تور بېتىنىڭ مەن بىلەن ئۆتكۈزگەن سوھبەت ئەسناسىدا رابىيە خانىمنى نىمىشقا ياقلىدىڭ ۋە دۇق نىڭ كېلەچىكىگە قانداق قارايسەن دېگەن سوئالغا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



بەرگەن جاۋاپلىرىمنى ئوقۇپ تۆۋەندىكى تەنقىدى كۆز قاراشلارىم بىلەن بەزى بىر ئىددىيە ۋە تەۋسىيەلەردە :بولدۇم

ئۆتكەن يىل 7 ئاينىڭ 5 كۈنى شەرقى تۈركىستاندا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەر جەريانىدا دۇق ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولدى. رابىيە خانىمنىڭ ئامىرىكىدا، دۇق مەركەزىنىڭ گىرمانىيەدە ۋە بولۇپمۇ يەتتە تەشكىلاتىمىزنى تۈركىيەدە دىگەن سۆزى، بەرگەن مەلۇمات، تۇتۇلغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەر توغرىسىدا بەرگەن رەقەملىرى ھىچ بىرىبىرىنى تۇتمىدى. بۇنۇڭ نەتىجىسىدە چەتەل مەتبۇئاتلىرىدا بىر ئىكىلىنىش پەيدا بولدى. چەتەل مەتبۇئاتى دىگەن سۆز، بەرگەن مەلۇمات ۋە رەقەملەرگە ئىشىنەلمەي قالدى. مانا شۇ چاغدا باشتىن كۆچۈرگەن كەمچىلىكلەرنى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ، دۇق نىڭ كېلەچەكتە موشۇنداق ئەھۋاللاردا تېخىمۇ ئىنتىزاملىق بىر يول تۇتالايدىغانلىقى توغرۇسىدە ھازىردىن بىر پلان ئىشلەپ چىقىپ، مۇنداق ئەھۋاللاردا .دەرھال بىر كىرىزىس شتابى تەشكىل قىلىشى كېرەك

كامبودژاغا قېچىپ چىققان 20 نەچچە ئۇيغۇر قېرىندىشىمىزنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇپ بېرىلىشىنى باھانە قىلغان بەزى بىر يۇرتتاشلار دۇق رەئىسى رابىيە خانىم، ئۇنىڭ ئورۇنباسارلارىدىن بىرى بولغان ئۆمەر قاناتقا قارشى ناھايىتى ئېغىر تەنقىتلەردە بولۇشتى. ھەتتا بەزى بىر كىشىلەر ، رابىيە خانىم بىلەن ئۆمەر قاناتنىڭ ئىستىبا بېرىشى كېرەكلىكىنىمۇ ئىما قىلىشتى. مىنىڭ غەزەبىمنى قوزغىغان نەرسە ، بۇ ئادەملەرنىڭ دۇق، رابىيە خانىم ۋە ئۆمەر قاناتقا قارشى يۈرگۈزگەن سەلبى كامپانىياسى ئەمەس، بەلكىم دۇق دائىمى كومىتېت ئەزالىرىنىڭ بىر ئېغىزدىن دەرھال بىر بايانات ئىلان قىلىپ، بۇ تۆھمەتلەرگە رەددىيە بېرىپ رابىيە خانىم ۋە ئۆمەر قاناتقا ئىگە چىقىپ ، رەئىسىمىز ۋە ئورۇنباسارى ھەرگىز ئىستىپا قىلمايدۇ، ئىستىپا قىلىشقا توغرى كەلسە ھەممەمىز ئىستىپا قىلىمىز، ئەگەر بىر خاتا قىلىنغان بولسا، بۇ خاتا بۇ ئىكى كىشىنىڭلام ئەمەس، بەلكىم دۇق دائىمى كومىتېت ئەزالىرى بولۇپ ھەممەمىزنىڭ خاتاسىدۇر دەپ رەئىسىمىزگە ۋە ئورۇنباسارىغا .ئىگە چىقالمىغانلىقىمىزدۇر

شۇنداقلا، رابىيە خانىمنىڭ پاك نىيەت بىلەن ئۇيغۇر ئۆيى ئېلىش ئۈچۈن يۇرتتاشلاردىن يىققان پۇل مەسىلىسى تور بەتلەرىدە ئىلان قىلىنىپ كەتتى. پۇل مەسلىسى ھەرگىز  تور بەتلەرىدە ئىلان قىلىنماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى خىتايلارنىڭ ھازىر بۇ مەسلىنى سۇئىستىمال قىلىپ، رابىيە خانىمغا: پۇل قاچاقچىلىقى قىلدى، قارا پۇلنى ئاقلىدى، ئۇيغۇر تېرورىستلىرىغا پۇل يىغدى دىگەنگە ئوخشاش تۆھمەتلەرنى چاپلاشقا تىرىششى مۇمكىن. بۇنۇڭ ئۈچۈن رابىيە خانىم، ئامىركائويغۇر ئويۇشمىسى ۋە دۇق نىڭ چىقىپ قالىشى مۇمكىن بولغان ھەر قانداق بىر تۆھمەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، مالىيە مۇتەخەسسىسلەرى بىلەن .كۆرۈشۈپ تىز ۋاقىت ئىچىدە كېرەكلىك تەدبىر چارىلەرنى ئېلىپ قويىشىدا كۆپ پايدا بار

دۇق نىڭ ئاپتونومىيە، ئالى ئاپتونومىيە، ئۆز-تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن دىيالوگ دىگەنگە ئوخشاش شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق بولىدىغان مەسللەرنى دەسلەپ دۇق دائىمى كومىتېتى ئىچىدە مۇزاكىرە قىلىپ، بىر قارارغا باغلاپ ۋە بۇ قارارنى دۇق قۇرۇلتىيىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كىيىن ئىجرا قىلىش كېرەك. چۈنكى دائىمى كومىتېت ۋە قۇرۇلتاي تەرەپىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈلۈپ ماقۇللانمىغان شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ تەقدىرى توغرۇلۇق بىر قارار ھىچ قاچاندا كۈچكە ئىگە بولالمىغاندەك، پەقەت دۇق رەئىسىنىڭ گەدىنىگە ئاتىلىپ قالىدۇ. گەرچە رابىيە خانىم بۇنۇڭغا رەددىيە بەرگەن بولسىمۇ، تور بەتلەرىدە تېخىچە رابىيە خانىم ئاپتونوم ئىستەيتۇ – ئىستىمەيتۇ دىگەن گەپلەر بار. بىر ۋاقىتلار، شۇ چاغدىكى سىياسى شەرت شارائىتلەرنى كۆز ئالدىدا تۇتۇپ خىتايلاردىن ئالى ئاپتونومىيە تەلەپ قىلغان مەھسۇد ئەپەندىم، مەھمەت ئەمىن بۇغرا، ئەيسا ئەپەندىم ۋە ئەخمەتجان قاسىملەرنى تېخىچە تىللاپ يۈرگەنلەر بار. رابىيە خانىمغا بۇنداق بىر تۆھمەتنىڭ چاپلىنىپ قېلىشىغا ئىجازەت .بەرمەسلىكىمىز كېرەك

دۇق نىڭ ھەرقايىسى دۆلەتلىردىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ بولۇپمۇ سايلام ئىشلىرىگە ھەرگىز ئارالاشماسلىقى، شۇ كاندىداتنى سايلايسىلەن ۋەياكى سايلىمايسىلەن دەپ تەسىر قىلماسلىقى كېرەك. دۇق بۇنداق سايلاملارغا كۆزلەمچى ئىۋەتسىمۇ، بۇ كۆزلەمچىلەرنىڭ مۇتلاق رەۋىشتە تەرەپسىز بولىشى لازىم. ئەكسى تەقدىردە، سايلامنى ئۇتتۇرۇپ قويغان تەرەپ بۇنىڭ پۈتۈن گۇناھىنى دۇق تىن كۆرۈدۇ. ئەگەر ئۇتۇپ چىققان تەرەپنىڭ كاندىداتى كىيىن بىر كەمچىللىك قىلىپ قالغان بولسا، بۇنىڭ گۇناھىمۇ يەنە دۇق نىڭ ئۈستىگە ئاتىلىدۇ. بىلىگەنىدەك، دىموكراسىلەردە رەئىسلەرنى، رەئىس بەلگۈلىمەيدۇ، بەلكىم مىللەت، پارلامىنت ۋەياكى قۇرۇلتايلار سايلايدۇ. ئەگەر بىز دۇق تەرەپىدىن كۆرسىتىلگەن كاندىداتلارنى سايلايسىلە دەپ بۇيرۇق چۈشۈرسەك ئۇ چاغدا بۇ دىكتاتورلۇق بولىدۇ. دىموكراتىك دۆلەتلەر بىلەن، ئۇ دۆلەتلەردە بىزنى ياقلاپ قۇۋۋەتلەپ كېلىۋاتقان تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىقىمىز ئۈزۈلىدۇ ۋە بولۇپمۇ بىزگە ماددى ياردەم بېرىۋاتقان نەد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز دەخلىگە يېتىدۇ. بۇنۇڭ ئۈچۈن بىز دىموكراتىك بولمىغان سۆز، يېزىق ۋە

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



.ھەركەتلەردىن مۇتلاق رەۋىشتە باش تارتىشىمىز كېرەك

مىنىڭ بولۇپمۇ رابىيە خانىمدىن شەخسى بىر رىجايىم بار: رابىيە خانىم ئىككىلىنىپ قالغان چاغلىرىدا ئىستىپا قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالدۇ. رابىيە خانىمنىڭ بۈگۈندىن تارتىپ ئىستىپا دىگەن سۆزنى ئاغزىغا ئالماسلىقى كېرەك. ئەمما ئىنسانلار پانى داۋالار ئەبەدىدۇر. ئەلۋەتتە رابىيە خانىم بۇ دەۋانى ئەبەدىيەتكە قەدەر داۋاملاشتۇرالمايدۇ. بىر كۈن كېلىدىكى، رابىيە خانىم ئۆز ئارزۇسى بىلەن بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىدىن ئايرىلىدۇ. .شۇ چاققىچە رابىيە خانىمنىڭ ئىستىپا سۆزىنى ھەرگىز ئاغزىغا ئالماسلىقى لازىم

رابىيە خانىم دۇق نىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئاتىلىپ قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن رەئىسلىكتىن ئىستىپا قىلىپ دالاي لاماغا ئوخشاش داۋانىڭ ئۈستۈدە تۇرۇپ بېرىش ئارزۇسۇدا بولغانلىقىنىمۇ ماڭا بىر قانچە قېتىم ئىپادە قىلىپ ئۆتتى. مەن : ئىستىپا قىلماي، ئىشلارنى ئورۇنباسارلارىغا بۆلۈپ بېرىپ، كونترول قىلىپ تۇرۇشنى تەكلىپ قىلغان ئىدىم. رابىيە خانىمغا، ئەگەر رەئىسلىكنى باشقىسىغا تاپسۇرۇپ، داۋانىڭ ئۈستۈدە تۇرۇپ بەرسە ئۇ چاغدا داۋايىمىزنىڭ ئىككى باشلىق يەل مۆڭگۈزگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن خىتايلارنىڭ پايدىلىنالايدىغانلىقىنىمۇ ئىپادە قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. ئەگەر تېخىچە ئەينى پىكىردە بولسا، موشۇ يىغىن جەريانىدا شاھىتلەرنىڭ ھۇزۇرۇدا مەسئۇلىيەتنىڭ بىر قىسمىنى ئورۇنباسارلارىغا ئۆتكۈزۈپ بەرسە بولىدۇ

بۇ دوكلادىم، باشتا ئۆزلىرى  تەرەپىدىن قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىندى. سىلە ئۆزلىرى كېسەل بولغان ھالدە، موشۇ قۇرلارنى يېزىپ كەپلا، سىلىگە كۆپ راخمەت ۋە مۇمكۈن بولسا ماڭا بىر كوپيا بېرىپ قويسىلا .دىدىلە. مەنمۇ سىلىگە داكلاتىمنىڭ بىر كوپياسىنى چىقىرىپ بەردىم

كىيىن تالاغا چىققاندا بەزى بىر يۇرتتاشلار يېنىمغا كېلىپ، سىز سۆزلىگەندىن كىيىن بىز قوسقىمىزدىكى .بەزى سۆزلەرنى قىلالماي قالدۇق دەپ مەندىن رەنجىگەنلىكلەرنى ئىپادە قىلىشتى

دائىمى كومىتىت يىغىنىنىڭ ئىككىنجى كۈنى، بىراز بىئارام بولۇپ يىغىنغا سائات 4 لەردە قاتناستىم. تېخى تۆپىگە چىقماي تۇرۇپ، سىلىنىڭ ۋاقراپ، چىقراپ، يىغلاۋاتقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. تۆپىگە چىقىپ، يانلىرىغا كىرىپ ، نىمە بولدى رابىيە خانىم دەپ سورۇدۇم. ئالغان دارىنىڭ تەسرى بولسا كېرەك دىگەن گەپلىرىنى ئۇبدان ئاڭلىيالمىدىم. يۇرتتاشلار دۇق باش تەپتىشىنىڭ يازغان بىر خېتىدىن خاپا بولغانلىقلىرىنى ئىپادە قىلىشتى. ئەمما مەسلىنىڭ تىگىنى ئۇگۈنەلمىدىم. شۇ مەزگىلدە سەيىت تۈمتۈرك ۋە ئەسقەرجان ئەپەندىلەر، دائىمى كومىتىت ئەزالىرىنىڭ يىغىنى بولىدىغانلىقىنى، رىزا سەمەدى بىلەن مېنىڭمۇ بۇ يىغىنغا قاتنىششىمنى رىجا قىلىشتى. تېخى يىغىن ئېچىلماستىن مەن سۆز ئېلىپ رابىيە خانىم، رىزا بىلەن ئىككىمىز بۇ يىغىنغا قاتنىششىمىز  كېرەكمۇ دەپ سىلىگە سورۇدۇم. سىلە ئولتۇرىۋىرىڭلا دەپ جاۋاپ بەردىلە. ئەمما قولىمىزدا بىر كۈن تەرتىبى بولمىغاچ بۇ يىغىندا قايسى مەۋزۇلارنىڭ مۇزاكىرە قىلىنىدىغانلىقىنى .بىلمەي ئولتۇردۇق

رەئىس ئورۇنباسارلىرى، سىلىنىڭ ئۈستۈلرىدىكى يۈكنىڭ ئازايتىلىشى ۋە ئورۇنباسارلارغا كۆپراق مەسئۇلىيەت بېرىلىشى توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى بايان قىلىشتى. مەنمۇ سۆز ئېلىپ، يىغىنىنىڭ بىرىنجى كۈنى تەقدىم قىلغان داكلادىمدا ئىپادە قىلىپ ئۆتكەن شەرتلەر ئورۇندالسا، سىلىنىڭ يۈكلىرىنى يەڭگىللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى كۆز قاراشىمنى ئىپادە قىلىپ قويدۇم. يۇقارىدا ئىپادە قىلىپ ئۆتكىنىمدەك بۇ توغرۇلۇق پىكىرلىرىمنى سىلىگە بۇرۇنمۇ ئېيتقان ئىدىم. موشۇ مەزگىلدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتىلە. بىز ھەرھالدە تەرەتخانىغا كەتتى دەپ ئولتۇرساق يان تەرەپتىكى ئۆيدىن سىلىنىڭ يەنە ۋاقراپ، چىقراپ، يىغلىغان ئاۋازلىرى كەلدى. ھەممەيلەن يۈگۈرۈپ يانلىرىغا كىرىپ كەتتى. يەنە موشۇ مەزگىلدە ئەنۋەر جان ۋاقىت بەك قىستاپ قالدى، زىياپەت بېرىلىدىغان ئاشخانىغا بارساق دىدى. نىمىدىن خاپا بولغانلىقىنى بىلمىگەچ، يانلىرغا كىرىپ، رابىيە خانىم ۋاقىت قىستاپ قاپتۇ، يۇرسىلە كېتەيلى دىيىشىم بىلەن قولامنى سىلكىۋېتىپ، ماڭ كىتىۋە، سېنىڭ تويۇڭدا مېنىڭ نىمە ئىشىم بار دەپ ماڭا مىللەتنىڭ ئىچىدە ۋاقىرغىلى باشلىدىلا. مەن ھازىرغىچە دۈشمەن بىلگەن بىر ئادەمدىنمۇ بۇنچىلىك ھۆرمەتسىزلىك، ئەدەپسىزلىك ۋە تەربىيەسىزلىك كۆرمىگەچ، نىمە دىيىشىمنى بىلەلمەي ئورنۇمدا قېتىپلام قالدىم. ھالبۇكى، سەۋەپ نىمەلىكتىن بولمىسۇن، ئۇيغۇرلاردا ياشقا چوڭ ئادەملەرگە بىراز ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۇلارغا قارشى ھۆرتمەتسىزلىك، ئەدەپسىزلىك ۋەياكى تەربىيەسىزلىك قىلمايدىغان چىرايلىق ئادەتلىرىمىز بار ئىدى. موشۇ مەزگىلدە، سېيىت تۈمتۈرك ۋە بەزى يۇرتتاشلار دەرھال يېنىمغا كېلىپ مېنى تالاغا ئېچىقىپ، سىلە ماڭغاش تۇرۇڭلا بىز ھازىر رابىيە خانىمنى ئېلىپ بارىمىز دىدى. چاقىرىلغان ئاشخانىغا بېرىپ ئولتۇردۇق. بىز ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەركىمنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى دىگەن تەربىيە بىلەن چوڭ بولغاچ، سەۋەپ نىمەلىكتىن بولمىسۇن، يېنىمدىكى يەرنى سىلىگە ساقلاپ قويغان ئىدىم. ئەمما سىلە يۇزۇمگە قارىماي ئالدىمدىن ئۆتۈپ باشقا بىر يەرگە بېرىپ ئولتۇردىلا. زىياپەتتىن كىيىن تالادا تاماكا تارتىپ

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



تۇرسام، يېنىمغا كېلىپ گىرمانىيەنى ساڭا تاشلاپ كېتىمەن، نىمە قىلساڭ قىلىۋال دەپ ھۆرمەتسىزلىك،
ئەدەپسىزلىك، ۋە تەربىيەسىزلىكلەرنى داۋاملاشتۇردىلا. بۇ سۆزلىرگىمۇ ھاڭ تاڭ قېلىپ ناھايتى مەيۈس
بولدۇم. چىرايىمنىڭ ئۆچكەنلىكىنى كۆرگەن بەزى بىر يۇرتتاشلار مىنى تەسەللى قىلىشقا تىرىشتى. قايتىدىن
زىياپەت بېرىلگەن ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇردۇق. مەسللەنى ئاڭلىتىپ، ئۇلارغا يىغىن جەريانىدا رابىيە خانىمغا
بىر ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قىلمىغانلىقىمنى يۇرتتاشلارغا سورۇدۇم. ھەممەسى ياق دەپ جاۋاپ بېرىشتى.
.بەزى يۇرتتاشلار سىلى بىلەن بولغان بەزى بىر كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئاڭلىتىپ مىنى تەسەللى قىلىشقا تىرىشتى
ئەمدى ئاڭلىغان گەپلەرگە قارىغاندا، مىيۇنخىندا ماڭا قىلغان بۇ ھۆرمەتسىزلىك، ئەدەپسىزلىك ۋە
تەربىيەسىزلىكلەرنى بۇرملاش ئۈچۈن گۇيا سىلە ھازىر: ئەركىن ئالپتكىن مەندىن رەئىسلىك
تالىشىۋاتىدۇ، مىنى رەئىسلىكتىن ئىستىپا بىرىشكە زورلاۋاتىدۇ، ئۇستۇمدىكى مەسئۇلىيەتنى تاتىۋېلىشقا
تىرىشىۋاتىدۇ، مەن ئەركىننىڭ پۇت قولىنى چاقتۇرۇمەن، ئەركىننىڭ پۇت قولىنى چېقىش ئۈچۈن
گىرمانىيەدىن بىر تۈركۈم يۇرتتاش بېلگىيەگە كەلگەن ئىدى ،ئەمما ئەركىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىلگىيەگە
كىلىشتىن قاچتى، مەن ھازىرچە ئۇلارنى توختۇتۇپ قويدۇم، ئەركىن كيىن ماڭا تېلفون قىلىپ مەندىن
كەچۈرۈم سورىدى، مەنمۇ ئۇنىڭ داۋاسىنى بىرىپ ھەددىنى بىلدۈرۈپ قويدۇم دىگەنگە ئوخشاش
.تۆھمەتكار، تەھدىتكار ۋە يالغان گەپلەرنى تەرغىپ قىلىپ يۈرۈپتىمىشلا
شۇنداقلا، 12.4.2010 تارىخىدا ئۇيغۇر ئامرىكا ئۇيۇشمىسىنىڭ تور بېتىدە نەشر قىلىنغان ئەركىن
.ئەپەندىگە تەۋسىيە سەرلەۋلىق خەتنىڭمۇ سىلىنىڭ بۇيرۇقلىرى بىلەن يېزىلغانلىقى پادە قىلىنماقتا
مۇھتەرەم رابىيە خانىم، مەن بۇ گەپلەرنى نەدە، قاچان ۋە كىمگە دەپتىمەن؟ ماڭا بۇ تۆھمەتلەرنى
چاپلاشتىن بۇرۇن نىمىشقا ماڭا تېلفون قىلىپ مۇشۇنداق بىر گەپ ئاڭلىدىم توغرىمۇ دەپ سورىمىدىلا مەن
پەقەت ئالللاھتىن قوقىمەن. ئاۋۋەل خۇدا، باشقا ھىچ كىمدىن قورقۇم يوق. ئەگەر سىلىدىن رەئىسلىك
تالاشقان بولسام تالاشتىم ، تالاشمىغان بولسام تالاشمىدىم دىمەمتىم. مەندە خۇدانىڭ بىلگىنىنى قۇلدىن
ساقلايدىغان، دىگەن گېپىمدىن يېنىۋالدىغان ۋەياكى مىنى خاتا ئاڭلاپتۇ دەيدىغان ئادەت ھىچ يوق. چۈنكى
رەئىسلىك بىزگە چوڭ دادىمىزدىن مىراس قالغان بىر مەقەم ئەمەس. دىمۇكراتىك دۆلەتلەردە بىر مەقەم
ئۈچۈن ھەر كىم كاندىدات بولالايدۇ. ئەگەر مەۋجۇت ئاۋازلارنىڭ كۆپچىلىكىنى قولغا كەلتۇرەلىسە رەئىس
بولۇپ سايلىنىدۇ. غەرىپ دۆلەتلىرىدە بىر كىشى ھەققىدە تۆھمەت قىلىش، بۇ كىشىنى تەھدىت قىلىش ۋە ئۇ
كىشى توغرىسىدا يالغان خەۋەر تارقاتىشنىڭ بىر جىنايەت بولغانلىقىنى بىلىشلىرى كېرەك. ئەگەر
دىگەنلىرىڭنى ئىسپات قىل دەپ سىلىنى سۇتقا بەرسەم بۇ ھەممەمىز ئۈچۈن چوڭ شەرمەندەچىلىك
بولمامدۇ؟ ھازىرغىچە داۋايمىزنى ياقلاپ كېلىۋاتقان چەتەللىكلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا ئۆزلىرى ئۈچۈن
رەسۋاچىلىق بولمامدۇ؟ بۇ گەپلەر خىتاينىڭ نېنىغا ياغ سۇرۇپ بەرمەمدۇ؟
رابىيە خانىم، سىلىگە كىينكى 2-3 يىلدىن بىرى تېلفوندا ۋەياكى يۈز كۆرۈشكەندە ئارىمىزدا ئۆتكەن بەزى
بىر سوھبەتلەرنىمۇ ئەسلىتىپ قويايْ. مەن بىلەن ھەر كۆرۈشكەندە رەئىسلىكنى سىلىگە ئۆتكۈزۈپ بېرەي
دىدىلە. مەن سىلىگە ماڭا 10 مىڭ دوللار ئايلىق بەرسىلىمۇ بۇ ئىشنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايمەن دەپ
جاۋاپ بەردىم. دۇق رەئىسلىكدىن ئىستىپا قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالدىلا. ئىستىپا قىلمىسىلا دەپ رىجادا
بولدۇم. مەن رەئىسلىكتىن ئىستىپا قىلىپ، دالاي لامادەك باشتا ئولتۇرۇپ بېرەي، رەئىس باشقىسى بولسۇن
دىدىلە. مەن بۇ پىكىرلىرىگىمۇ قارشى چىقىپ، ئۇ چاغدا دۇق ئىككى باشلىق يەلمۇڭگۈزگە ئايلىنىپ قالىدۇ،
بىز تىبەتلىكلەرگە ئوخشىمايمىز، ئۇلار دالاي لامانى بىر تەڭرىدەك كۆرىدۇ، بۇ ئۇسۇل بىزدە ئاقمايدۇ دەپ
جاۋاپ بەردىم. پۈتۈن يۈك مىنىڭ گەدىنىمگە ئاتىلىپ قالدى، ئەتراپىمدىكىلەر ماڭا يار يۆلەكتە بولمايۋاتىدۇ
دىدىلە. مەن سىلىگە بۇنداق بىر ئەھۋال ئۆتمۇشتە مىنىڭمۇ بېشىمغا كەلگەن. سەن پەقەت ئولتۇرۇپ بەر،
قالغان ئىشلارنى بىز قىلىمىز دەپ ماڭا ۋەدە بىرىشكەن ئىدى. ئەمما كيىن ھەممىسى قېچىپ كېتىپ دۇق
نىڭ پۈتۈن ئىشى 2-3 كىشىنىڭ ئۇستۈگە ئاتىلىپ قالغان. ئەگەر ئۇستۈگە ئالدىغان مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈپ
ماڭدىغان بولسا بەزى يۈكلەرنى ئورۇنباسارلارغا تاپشۇرسىلا بولىدۇ دەپ سىلىگە مەسلەھەت بەردىم. بۇ
گەپلەرنى باشقا ھىچ كىمگە دىمەسلىكلىرىنى، چۈنكى بۇ گەپلەرنىڭ خاتا چۈشەنچىلەرگە يول ئېچىپ
قويىدىغانلىقىنى ۋە يۇرتتاشلار ئارىسىدا رەئىسلىك ئۈچۈن رىقابەت تۇغدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنىمۇ ئىپادە
قىلىپ ئۆتكەن ئىدىم. ئەمما كيىن ئاڭلىسام سىلە ئالدىلىرىغا چىققان ھەر ئادەمگە رەئىسلىك تەكلىپ
قىلىپ بولغان ئىكەنلا. گەرچە مەن سىلىنىڭ بۇ گەپلىرنى پوپوزا قىلىپ دىگەنلىرىنى بىلسەممۇ، بەزى
.يۇرتتاشلار ئانام ماڭا رەئىسلىك تەكلىپ قىلدى دەپ سىلىنىڭ دىگەنلىرىگە ئىشىنىپ كەتكەن
مىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا سىلىگە بەرگەن مەسلەھەتلىرىمگە قۇلاق سالماي، ھەر ئالدىلىرىغا كەلگەن ئادەمگە
رەئىسلىك تەكلىپ قىلىپ بولۇپ، ئىستىپا قىلىمەن دەپ تۇرۇۋېلىپ ۋە ئۇستۇمدىكى يۈكنى يەڭىللەشتۇرۇڭلا
دەپ بولۇپ، ئەمدى ئەركىن مەندىن رەئىسلىك تالىشىۋاتىدۇ ، مىنى ئىستىپا بىرىشكە مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ،

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



سالاھىيىتىمنى كەمسىتىشكە تىرىشىۋاتىدۇ دەپ شىكايەت قىلىپ يۈرگەنلىكلىرى ناھايىتى ئېغىر بىر تۆھمەت بولۇپ ھىساپلانمامدۇ؟

رابىيە خانىم، خاتىرجەم بولسىلا، مەن سىلىدىن ئەسلا ۋە ئەسلا رەئىسلىك تالاشمايمەن. ئەگەر ئەسلىرىدە بولسا دۇق رەئىسلىكىنى يالۋۇرىپ يۈرۈپ سىلىگە ئاران ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىدىم. يالۋۇرىپ يۈرۈپ سىلىگە ئاران ئۆتكۈزۈپ بەرگەن رەئىسلىكىنى ئەمدى نىمىشقا تالىشاي. ئەگەر مەندە رەئىس بولۇش خىرىسى بولغان بولسا، سىلىدىن دۇق نىڭ رەئىسلىكىنى تالاشماي، ئۆز ئالدىمغا يېڭى بىر تەشكىلات قۇرۇپ كېتىۋەرمەيمەنمۇ ؟ كىم مېنى توسىيالايدۇ؟ ئاللاھغا مىڭ شۈكۈر بىر تەشكىلات قۇرۇپ ماڭدۇرۇپ كېتەلەيدىغان ماددى ئىمكانلىرىممۇ بار. ئەمما مەن، رەئىس، لېدىر يولباشچى دىگەن سۆزلەردىن نەپرەت قىلىمەن. چۈنكى ، ئەگەر تارىخىمىزغا بىر نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان ئۇرۇش-جېدەللەرنىڭ ئاساس سەۋەبىنىڭ لېدىرلىك تالىشىشدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرىمىز. لىدېرلىك تالىشىشى بىزنى بىربىرىمىزگە دۈشمەن قىلىۋەتكەن. بۇنىڭدىن دۈشمەنلەر پايدىلانغان . موشۇ كۈنلەرگە قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ مانا شۇ لىدېرلىك تالىشىشلارنىڭ بىر ئاقىبىتى. رەئىسلىك تالىشىشلارنىڭ ئىچىدە بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، شەرقى تۈركىستان خەلقىگە بولغان ئۆزەمنىڭ بىر كىشىلىك ۋىجدانى قەرزىمنى ئادا قىلىمەن  دەپ ئۆزۈن يىللار چەتەللەردە قۇرۇلغان تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئالماي كەلگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىمۇ .بۇ

ئەسلىرىدە بولسا كېرەك، سىلىنى دۇق رەئىسلىكىگە كاندىدات بولۇش ئۈچۈن ئۈندەپ يازغان خەتلىرىمنىڭ بىرىدە مۇنداق دىگەن ئىدىم: رابىيە خانىم، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئىگىسى كۆپ، ئەمما ئەۋۋەل ئاللاھ مىنىڭ ئوغلۇمنىڭ مەندىن باشقا ئىگىسى يوق، ئەگەر مىنىڭ يەنە 5 يىل ئۆمۈر كۆرۈشۈمنى ئارزۇ قىلسىلا دۇق رەئىسلىكىگە كاندىدات بولسىلا. مىنىڭ ھازىرقى ئەڭ چوڭ ۋەزىپەم سىلىدىن رەئىسلىك تالىشىش ئەمەس، بەلكىم ئوغلۇمنى ئۆزگە، ئائىلىسگە، ۋەتەنگە، مىللەتكە پايدىلىق، تىرىشچان، ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ۋە ئىمانلىق بىر ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش؛ سالامەتلىكىمنى ئاسراش ۋە ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى بالا-چاقا ۋە ئۇرۇغ تۇققانلىرىم بىلەن ھۇزۇر ئىچىدە ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. تۈركىيەدە بىر ماقال بار:  مىنى چاقمىغان يىلان مىڭ يىل يشىسۇن دەيدىغان.مىنى چاقمىغاننى مەنمۇ چاقمايمەن. مىنى چېقىشقا تىرىشقان يىلاننى چىققان يىرىگە كىرگۈزىۋېتىمەن. مىيونخىندا بولۇپ ئۆتكەن دۇق دائىمى كومىتىتىنىڭ يىغىنى جەريانىدا بەزى كىشىلەر مىنى ئامىركىلىقلارغا دىكتاتور دەپ چېقىپتۇ دىدىلە. بەلكىم شۇنداق بولغان بولىشى مۇمكىن. ئەمما سىلىگە ماددى ۋە مەنىۋى يار-يۆلەكتە بولۇۋاتقان ئامىركىلىقلارنىڭ سىلىنىڭ پۈتكۈل پائالىيەتلەرىنى يېقىندىن ئىزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى دېموكراتىك پرىنسىپلەرگە رىئايە قىلىپ-قىلمايۋاتقانلىقلىرىنى دېموكراتىك پرىنسىپلەرنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ-كۆلەملىك تەرغىپ قىلىپ-قىلمايۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سۆز پىكىر ۋە تەنقىدى كۆز قاراشلىرىغا يول قويۇپ-قويمايۋاتقانلىقلىرىنى يېقىندىن ئىزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنىمۇ ھەرگىز ئۇنتۇماسلىقلىرى كېرەك. ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆتكەن يېرىدىن .چىقماي قالسىلا بەلكىم شۇ چاغدا سىلىنىڭ رەئىسلىكلىرىنىڭ ۋاقتى توشۇپ قېلىشى مۇمكۈن

بىر ۋاقىتلار ماڭا،  ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن چەتەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خارەكتىرلىرى ھەرگىز بىربىرىگە ئوخشىمايدىكەن دىگەن ئىدىلە. دىگەنلەرى توغرا. چۈنكى ئاناۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار بىر دىكتاتورلۇك تۈزۈم ئاستىدا ياشايتى. ھازىر بولسا دىموكراتىك دۆلەتلەردە ياشايدۇ. بۇ دىكتاتورلۇك تۈزۈم ئاستىدا ئۆزىنىڭ سۆز، پىكىر ۋە تەنقىتلىرىنى ئەركىن رەۋىشتە ئىپادە قىلالمايتى. دىموكراتىك تۈزۈملەردە بۇنى ئوچۇقچا ئىپادە قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئاناۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار بەلكىم ئانىمىز بېشىمىزنى سىلاپ قالامدىكىن دەپ سىلىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئولتۇراتتى. چەتەلدە بۇنىڭغا ئېھتىياج يوق. ئاناۋەتەندە يانلىرىدا ئىشلىگەن 400-500 كىشى مىنى ئىشتىن چىقىرىۋەتمىسە  دەپ ھەر دىگەنلىرىنى ئورۇنداشقا تىرىشاتتى. چەتەلدە پەقەت 4-5 كىشى ئايلىق ئېلىپ يانلىرىدا ئىشلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئايلىقىنى سىلە ئەمەس، بەلكىم ئامىركىلىقلار بېرىۋاتىدۇ. قالغانلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈللۈك رەۋىشتە خىزمەتلىرىنى ئورۇنداشقا تىرىشىۋاتىدۇ. بۇلار ئۆزىنىڭ سۆز، پىكىر ۋە تەنقىدى كۆز قاراشلىرىنى ئوچۇقچا ئىپادە قىلىۋاتىدۇ. سىلە بۇنىڭغا كۆنمىگەچ ئۇلارنىڭ سۆز، پىكىر ۋە تەنقىدى كۆز قاراشلىرىنى ئېغىر ئېلىۋاتىلا. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلىنىڭ بۇنىڭدىن كىيىن بۇنداق سۆز، پىكىر ۋە تەنقىدى كۆز قاراشلىرغا تاكاممۇل كۆرسىتىشلىرى ۋە دىموكراتىك پرىنسىپلەرنى يۈرتتاشلار ئارىسىغا كەڭ قانات يايدۇرۇشلىرى ناھايىتى مۇھىم. مىيونخىندا بولۇپ ئۆتكەن دۇق دائىمى كومىتىت يىغىنى جەرەيانىدا مەن ھىچ كىمگە ئىشەنمەيمەن، ئۆزەمگىمۇ ئىشەنمەيمەن دىدىلە. ئۆزىگە ئىشەنمىگەن بىر كىشى ھىچ كىمگە ئىشەنمەيدۇ. دائىما قورقۇ ئىچىدە ياشايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن دائىما گۇمان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سەممىيىتىگە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. دائىما ئۇلارغا بىر رەقىپ كۆزى بىلەن قارايدۇ. ئۆزىگە رەقىپ بولۇپ قالىدىغان ئادەملەرنىڭ بىرلىشىۋېلىپ ئۆزىگە قارشى بىر كۈچ

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



بولۇپ چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دائىما ئۆلارنىڭ ئارىسىغا پىتنە-پاسات تېرىپ ئۇلارنى بىربىرىگە دۈشمەن قىلىشقا تىرىشىدۇ. نەتىجىدە، بىربىرىگە دۈشمەن بولغان ئادەملەرنى داۋاملىق رەۋىشتە بىربىرى بىلەن باش سوقاشتۇرۇپ بۇنۇڭدىن ئۆزىگە پايدا چىقىرىشقا تىرىشىدۇ. هازىر سىلىنىڭ ماڭا ئوخشاش 70 ياشتىن ئاشقان، كېسەلچان ۋە بىر پۇتى گودا بولغان بىر ئادەمنى ئۆزلىرىگە رەقىپ دەك كۆرىپ، مەندىن رەئىسلىك تالىشىۋاتىدۇ، ئۇنى سىپىستىمەن ۋە ئۇنىڭ پۇت قولىنى چاقتۇرۇمەن دەپ .يۈرگەنلىكلىرىنىڭ سەۋەبىمۇ مانا بۇ روهى كېسەللىكىنىڭ بىر ئالامەتىدۇر
مىيونىخىندا بولۇپ ئۆتكەن دۇق دائىمى كومىتىت يىغىنى جەريانىدا سىلىنىڭ بىر كۈلۈپ، بىر يىغلاپ، بىر ۋاقىراپ، بىر چىقىراپ، بىر يامانلاپ، بىر تەھدىت سېلىپ كۈندە بىر قانچە قېتىم ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقلىرىنىڭ سەۋەبىمۇ، سىلىنىڭ ھەم بەدىنى ۋە ھەمدە روھى جەھەتتىن ناھايتى چارچىغانلىقلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ.
ئاسان ئەمەس، سىلە 6-7 يىل خىتاينىڭ تۈرمىسىدا ياتتىلا، ئۇ يەردە ھەرتۈرلۈك زۇلۇمغا دۇچار بولدىلا، ئىككى ئوغۇل تۈرمىدا، بىر ئانا بولۇپ بۇنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتىلا، ھىچ دەم ئالماي، چوڭ بەدەللەر تۆلەپ شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى ئالغا باستۇرۇش ئۈچۈن ھارماي- تالماي كۆرەش قىلىۋاتىلا. سىلىنىڭ سالامەتلىكلىرى باشتا ئۆزلىرى، ئائىلەلىرى ۋە داۋا ئۈچۈن ناھايتى مۇھىم. بۇنۇڭ ئۈچۈن سىلىنىڭ، پات پات دوختورلارغا كۆرۈنۈپ، كېرەكلىك دارى-دارمانلارنى ئېلىپ ۋە ھەر پۇرسەتتە دەم ئېلىشلىرىنىڭ كۆپ پايدىسى .بار. ئەگەر سالامەتلىك بىر قېتىم قولدىن كېتىپ قالسا بۇنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ
بولۇپمۇ تېلفونلار ئارقىلىق چۈشۈرۈۋاتقان بۇيرۇقلىرىغا كۆپ دىققەت قىلسىلا. بولۇپمۇ غەرپ دۆلەتلىرى9.11 تېرورلۇق ۋەقەسىدىن كيىن ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش مەقسىدىدە مەملىكەتكە كىرگەن ۋە چىققان پۈتۈن تېلفون كۆرۈشۈشلىرىنى، بۇ تېلفونلاردا كىملەرنىڭ نىمە دەپ-دىمىگەنلىكىنى، يېزىلغان خەتلەرنى ۋە تور بەتلەرىدە نەشىر قىلىنغان پۈتۈن ماتىرىياللارنى قاتتىق تەكشۈرۈۋاتىدۇ. دىمىدىم دىگەن گەپلەرنى .ئەتە-ئۆگۈن ئۆزىمىزنىڭ ئاۋازى بىلەن ئالدىمىزغا قوياپ قويىسا ناھايتى چوڭ شەرمەندىچىلىك بولىدۇ
بىرسىدىن رەنجىگەن چاغلاردا ، مىنى ئېزىۋاتىدۇ، كىسىۋاتىدۇ ، ئېسىۋاتىدۇ دەرھال كېلىپ مېنى ھىمايە قىلىڭلا دەپ بەزى بىر يۇرتتاشلارغا تېلفون قىلىپ ئۆلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش-جەدەل چىقىرىش ئادەتلىرىنى مۇتلاق رەۋىشتە تاشلىسىلا. بىزنىڭ هازىر تاغ باشلىردا ئەمەس، بەلكىم دۇنيانىڭ ئەڭ تەراققى قىلغان، دىموكراتىك، قانۇن دۆلەتلەرىدە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى؛ مۇنداق گەپلەرنىڭ جىنايەتكە تەشۋىق قىلىش بولۇپ ھىساپلىنىدىغانلىقىنى؛ موشۇ گەپلەرنىڭ دەردىدىن يۇرتتاشلارنىڭ سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا بىربىرىنىڭ كاللىسىغا بوتۇلكا ئاتقانلىقىنى؛ كيىنكى ۋاقىتلاردا ئانىمىزنى خاپا قىلغانلارنى ئاسىمىز، كېسىمىز، قوسقىنى يارىمىز دىگەن گەپلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، بۇ گەپلەرنىڭ بېرىپ ساقچىلارنىڭ قۇلقىغا يەتكەنلىكىنى ھەمدە ئۇ توغرۇلۇق سۈرۈشتۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنۇتۇپ قالمىسىلا. ئەگەر بىر يۇرتتاش مەن پالانچا تەرەپىدىن تەھدىت قىلىندىم دەپ رەسمى ئەرز يازسا، شاھىتلىرىنىمۇ تاپسا، تەھدىت قىلغان ئادەم قولغا ئېلىنسا، شۇچاغدا  مەن بۇ ئىشنى ئانىمىزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلدىم دىسە بۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن، دۇق ئۈچۈن ۋە پۈتكۈل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن چوڭ بىر شەرمەندىچىلىك بولۇپ ھىساپلانمامدۇ؟ زادى بىزگە ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن يار يۆلەكتە بولۇۋاتقان چەتەللىكلەر ئارىمىزدىكى بۇ ئىشلارنى ئالىقاچاندا بىلىپ بولغان. بۇ .نىمە دىگەن سەتچىلىك
بىلگەنلىرىدەك، بىزدە  دوست يىغلىتىپ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ سۆزلەيدۇ دىگەن بىر ماقال بار. سىلە ھەرگىز سىلىنى ئوچۇقچا تەنقىت قىلىش جاسارىتىنى كۆرستەلىگەن ئادەملەردىن قورقمىسىلا. مەيدىنى  كۆرسۈتۈپ سىلىنى تەنقىت قىلغان ئادەمدىن سىلىگە ھەرگىز زەرەر كەلمەيدۇ. ئەمما سىلە، سىلىنى هازىر ھەر پۇرسەتتە ماختاپ ئاسمانلارغا چىقىرىۋاتقان ئادەملەردىن قورقسىلا. شامالغا قاراپ يەلكەن ئاچىدىغان بۇ ئادەملەر، ئوتمۇشتە ماختاپ ئاسمانغا چىقارغان ئادەملەرنى هازىر تىللاپ يۈرۈيدۇ. بۈگۈن سىلىنى ماختاپ .يۈرگەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئەرتە-ئۆگۈن سىلىنىمۇ تىللاپ چىقالايدىغانلىقىنى ھەرگىز ئۇنۇتۇپ قالمىسىلا
رابىيە خانىم، ئۇزۇن يېزىپ ۋاقىتلىرىنى ئالدىم، باشلىرىنى ئاغرىتتىم، خاپا بولمىغايلا. ئۇيغۇرچەم ياخشى بولمىغاچ بەزى بىر ئىگىز پەس گەپلەر يېزىلىپ قالغان بولسا مېنى كەچۈرەلا. ئەسلىدە مېنىڭ پەقەت خانىملار  ئەمەس، بەلكىم ئاددى ئادەملەر بىلەنمۇ تالىشىدىغان ئادەتىم يوقتى. ئەمما سىلىنىڭ ماڭا ئارتىشقا تىرىشىۋاتقان تۆھمەتلىرى ناھايتى ئېغىر.  ئەگەر بۇ خەتنى يازماي جىمجىت يېتىۋالغان بولسام، ماڭا ئاتىلماقچى بولغان تۆھمەتلەرنىڭ توغرا بولۇپ قوبۇل قىلىنىپ قېلىشى مۇمكۈن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خەتنى يېزىش مەجبۇرىيتىدە قالدىم
.

هۆرمەت بىلەن
ئەركىن ئالپتېكىن

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



## ياشلار لىدىر بولسۇن

ھەممىمىزگە ئايانكى، رابىيا قادىر خانىم يېققەندىن بۇيان ھەرھىل ئىچكى ھەم تاشقى ئامىللارغا بەرداشلىك بېرالماي،كەيپىياتىمۇ تۇراقسىز ھالاتكە چۈشۈپ قېلىپ قېرىنداشلىرىمىزنى ساراسىمگە سېلىپ
تەشكىلاتلىرىمىز ھەققىدە ھەر خىل ئويلۇنۇشلارغا سېلىپ قويىدى .مىللى داۋا ئىشلىرىمىز پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جانىجان مەنپەتىگە تاقىلىدىغان مۇھىم ئىشتۇر .بۇ ئىش لىدىرلىرىمىزنىڭ سوبىكتىپ ئامىللىرىنىڭ دەھلىسىگە ئۇچۇراپ،قاتمال ھالاتكە چۈشۈپ قالسا قەتىي بولمايدۇ .شۇڭا رابىيا قادىر خانىم جايىللىق قىلماي ،ئوزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىغى ۋە ياشانغانلىغىنى ئېتراپ قىلىپ ياشلارغا بۇ بۈيۈك ۋەزىپىنى خوشاللىق بىلان ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك .ئەينى چاغدا سابىق، مۇتىرەم ئۇستازىمىز ئەركىن ئالپتېكىن ئاكىمۇ مىللى دەۋا ئىشلىرىمىزنىڭ يۈكسىلىشى ئۇچۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى رابىيە قادىر خانىمغا خوشاللىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى.
ياشلارنىڭ لىدىر بولىشى نوۋەتتىكى مىللى دەۋايىمىزنىڭ تەققازاسى .شۇڭا دولقۇن ئەيسادەك ئەقتىدارلىق ياشلار رابىيە خانىمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئوتكۈزۋالسا تامامان بولىدۇ .

## شەرقى تۈركىستان ئالى كېڭىشى يىغىنىغا ئىككى شېئىر ئارقىلىق ئالدىن باھا

بۇ ئىككى شېئر ئارقىلىق ئارىمىزدىكى خىتايدىنمۇ بەتتەر ساتقۇنلارنىڭ ماھىيتى ئۇچۇق ئاشكارىلانغان، پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئويغانغان بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ ئوزلىرىنى قۇتقۇپ ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ ھالاكەتكە يۈزلەندۇرۇش ئۇچۇن « شەرقى تۈركىستان ئالى كېڭىشى » يىغىنى چاقىرىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردا «راي سىناش» ئىلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ يىغىننى چاقىرغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە رەزىل ئىكەنلىكنى سىناپ باقماقچى بولىۋاتىدۇ.
ئون يىل ئىچىدە يېزىلغانلار ئارىسىدىكى بۇ ئىككى شېئىرنىڭ قەھرىتان قىش بورانلىرى توختىمايدۇ. ئۇ خىتاي قولىدىكى ساتقۇنلارنىڭ ئۇۋىسى دۇق دىن ئىبارەت چىرىپ قاخشال بولوپ كەتكەن بۇ قەرى دەرەخنىڭ شاخ-شۇمبا يوپۇرماقلىرىنى ئۇچرۇپ يالىڭاچلاپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ غا ئۇلاشقان دورامچى مايمۇنلار تۇزۇپ تارقايدۇ! ئۇئائا دىن ئېلىپ تاشلانغان بۇ يازما قايتا بۇ يەردە قايتا ئىلان قىلىندى.
چەتەللەردە ئارىمىزدىكى خىتايدىنمۇ بەتتەر ساتقۇن قاتىللار يىتىلەپ كېتىۋاتقان بىر توپ «كالا» ئۇيغۇرلار 5-ئىيۇل خىتاي قىرغىنچىلىقى بىلەن تىزدىن ئويغۇنۇشقا باشلىدى. بۇ ئويغۇنۇش ئالدى بىلەن ئارىمىزدىكى خىتاي قىرغىنچىلىقىغا ھەمكارلاشقانلارنى ئوچوق سوت مەيدانىغا ئىلىپ چىقماقتا! يۈزلىگەن ماقالىلار رەزىللىك بىلەن توربەتلەردىن ئېلىپ تاشلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار دەل ساتقۇنلارنىڭ ئىشىدۇر! تۇۋەندىكلەر دىققىتىڭىزگە داخىل بولسۇن!

قانداق مىللەت بۇ ئۇيغۇر، نىمە دىسە ئۇنامدۇ؟
ئابلاجان لەيلىنامان -

ۋەتەننى دەپ ۋەتەنسىز، بولغان مۇساپىر بەندە بىز،
مۇستەقىللىق -ئازاتلىق يولىغا بەھشەندە بىز.
شۇڭا تارتتۇق كۆپ جاپا، قالدۇق تۈمەن بەدنامغا بىز.
نىمە دىسەڭ دەۋەرگىن، پەرۋا-پەلەك دەشنامغا بىز،
مۇستەقىللىق شۇئار بىلەن قەھرى-غەزەپ دۈشمەنگە بىز.

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



بىز كىچىك چاغ، قەھرىمانلىق داستانلىرى ئاڭلىغان،
ئوغۇزخان، سادىر، مەشرەپ ھەم رىزۋانلارنى ياتلىغان.
قالمىدى جاپا مۇشەققەت نامان كەبىلەر تارتمىغان،
ئالەمدە يوق قاراڭغۇ تۈن، ھېچ ۋاق تېڭى ئاتمايدىغان،
لەيلى دەيدۇ بارچىنى دوست، بولسا ۋەتەن ساتمىغان.

قاننى تۆكتۈق جاننى بەردۇق ۋەتەننى دەپ ئېلىشىپ،
ئەمما ساتتۇق بۇ ۋەتەننى بىر بۇلۇڭدا كېلىشىپ.
دۇشمەن بولدى خوجايىن تۈپرىغىمغا ئېرىشىپ،
ئۆيىنى تاشلاپ سىرتقا چىقتۇق، مۇستەقىللىق تالىشىپ،
ئەمدى داۋا تۈگەمدۇ ئاپتونومغا ئېرىشىپ؟

ئۇيغۇر دىگەن ئۇيۇشقاق- ئۇيۇشمايسەن نىمىشكە؟
سىلەردە يوق ئۇ بىرلىك- يول قويامدۇ بۇ ئىشكە؟
دەپ سورىساڭ مىنىڭدىن جاۋابىم شۇ قۇلاق سال-!
دۇشمەن قالسۇن تەمتىرەپ، قىزىقمايمان بۇ ئىشقا،
ئاپتونوم داپ ئۇيۇشساڭ- مەن چىقمەن ئۇرۇشقا!

بىر چاغلاردا قوللىرى قاپارغاننى ئالىم دەپ،
مەكتەپلەرگە تىققان بىز، ئۇنى داڭلىق مالىم دەپ.
ئەندى داۋا ئاشۇنداق فورمىلادا ماڭامدۇ؟
قورقونچاقنى باتۇر داپ مىللىتگە تاڭامدۇ؟
ئۇنداق بولسا شەھىتلار دوت-ھاماقەت بولمامدۇ؟
قانداق مىللەت - بۇ ئۇيغۇر نىمە دىسە ئۇنامدۇ؟

ۋەتەننى دەپ ۋەتەنسىز، بولغان مۇساپىر بەندە بىز،
مۇستەقىللىق-ئازاتلىق بولمىسا بىر - گەندە بىز.
ئۇيغۇرلاردا بۇ شۇئار ياڭراپ تۇرسا ھەر زامان،
ئىچىمىز پۇشۇپ، زىرىكىپ بىز بۇلارنى دەمدىمىز؟
ئەمما داۋا يىقىندا قولدىن كىتىش ئالدىدا
قانداق ۋىجدان يول قويسۇن مۆكۈشكە بىر دالدىغا
شۇڭا قويدۇق بۇ پىكىرنى ھەممىزنىڭ ئالدىغا

تۇغۇشىڭغا يول قويۇپ، ئالداپ سىنى قول بەرسە،
بىر كۈن تولۇق ئىشلىتىپ بىر سائەتلىك پۇل بەرسە
ئانچە -مۇنچە نەزىرە ۋە چىراققا يول بەرسە.
سوتنى ئېچىپ ئۇيغۇرچە، ھۆكۈمنى ختاي بەرسە
شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرنىڭ بۇ دەۋاسى تۈگەمدۇ؟

پاكار ئۆينىڭ ئورنىغا ئىگىز بىنا قۇرۇلسا،
ماي چىراقنىڭ ئورنىغا ئېلىكتىرلار يورۇلسا
مەكتەپلىرىڭ باشقىدىن ئۇيغۇرچە بوپ قۇرۇلسا
قىزلىرىڭنىڭ ئىچكىرگە مېڭىشلىرى توسۇلسا
شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرنىڭ بۇ دەۋاسى تۈگەمدۇ؟

قۇملۇق يوللار ئاسپالىت، كىسەك ئويلەر بىتۇندىن
باللارنىڭ قوسىغى توق، تىل ئاڭلىماي خوتۇندىن
گازنى قالاپ ئاش ئىتىپ قۇتۇلساق بىز ئوتۇندىن

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



مەسچىتلەرگە كىرسەك بىز، سەھەر تۇرۇپ ئورۇندىن
شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرنىڭ بۇ دەۋاسى تۈگەمدۇ؟

ئۆز تىلىڭدا مۇڭدۇشۇپ، ناخشا ئېيتىپ كۈلۈشۈپ
،خوتۇن ئەتكەن تاماقنى مەزە قىلىپ يېيىشىپ
،ئۆز تىلىڭغا خىتايچە تىلنى قوشۇپ سوزلىشىپ
،خىتاي بىلەن بىرلىكتە كەلگۈسىنى كىلىشىپ
جانلا باقساڭ- ئۇيغۇرنىڭ بۇ داۋاسى تۈگەمدۇ؟

،سەنمۇ ئىنسان، كىشىلىك ھوقوقۇڭنى قوغدىغىن»
.ئەمما بىرگە ياشايمىز چوقۇم ئاڭا ئۇنىغىن
،ئىشەنمىسەڭ بىرمەزگىل بىزنى سەنمۇ سىنىغىن
«ئاپتونۇمنى سەل ئالى قىلىپ بىرەي ئۇنىغىن
دەپلا قويسا ئۇيغۇرنىڭ بۇ داۋاسى تۈگەمدۇ؟ -

،ۋەتەندىغۇ نىمە دىسە ئاجىز كىلىپ ئۇنىدۇق
.بىز ئۇرۇشىنىڭ ئورنىغا كوتۇلدىدۇق، تىلىلدۇق
،ئىمكان تۇرسا دەۋاغائەڭ توغرا يول چەتەلدە
.نىمىشكە بىز ساتقۇننىڭ تۇمشىقىغا ئۇرمىدۇق
ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋاسى يەنە شۇنداق ماڭامدۇ؟

،خىتاي دىسە بۆلگۈنچى، سەنمۇ ھەم ئوچ ئولگىچە
.خىتاي بىلەن بىرلىك قۇرۇپ ئۆلىۋالغىن كۈلگىچە

،ئالدىنىسەن ئاشۇنداق راست-يالغاننى بىلگۈچە
.ئادەم دىمە ئۆزەڭنى بۇنداق خامۇش يۈرگىچە
ئۇيغۇر دىگەن ئاشۇنداق ئالدىنىپلا يۈرەمدۇ؟

.ئۇيغۇر دىگەن مىللەتنىڭ بىر سۆزچىسى بار ئىكەن
.خىتاي دىگان ھاماقەت تۇغدىرمايدۇ»-دەيدىكەن»
ئۇنداق بولسا سېنىڭدە پەقەت بىر تال بالىمۇ؟
.دەپ، سورىسا: «ياق مەندە ئون بىرى بار»-دەيدىكەن-
خىتايلارنىڭ بېسىمى ئىشىپ كەتتى ھەددىدىن-
،ئۇيغۇرلار باك نامراتكەن ئايرىلىپتۇ ھەممىدىن
سەنمۇ شۇنداق كەمبەغەل بەك بىچارە ئىدىڭمۇ؟
!دەپ سورىسا: «ئەپەندىم، مىليونىرتىم»-دەيدىكەن

قانداق مىللەت بۇ ئۇيغۇر، چۈشەنمەمدۇ دەۋانى؟
.ياكى بىلىپ بىلمەستىن تاللىشامدۇ داھانى
،ھايات قالسا- دۈشمەنگە بەرىپ قىلسام ۋادىنى
،ئۇ، داۋانى ساز قىلىپ، چالسا بۇزۇپ پادىنى
،تەڭ ئەگىشىپ ئۇسۇلغا چۈشىدىكەن قالغىنى
تووۋا دەيسەن بۇ خەقلەر نىمە دىسە ئۇنامدۇ؟

،قەسەم بېرىپ دۈشمەنگە، قول كۆتىرىپ ئالدىسا
.بۇ قىلىقنى «ئەقىللىق-دانىشمەنلىك» چاغلىسا
ئۇنداق بولسا دوت دەمسەن قەھرىماننى شەھىتنى؟
!دۈشمىنىگە تىز پۈكمەي ھاياتىنى ئاتىسا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



توۋا دەيسەن بۇ خەققە نىمە دىسە بولامدۇ؟

،تىخى ئۆتكەن كۈنىلا: «مۇستەقىللىق ئاقمايدۇ
.ئاپتونومىنى توۋلىساڭ پۈتكۈل جاھان ياقلايدۇ
.ئامىرىكىلا قوللىسا سىنى خۇدا ساقلايدۇ
سەن جاھانغا باقمىساڭ جاھان ساڭا باقمايدۇ
«مۇستەقىللىق كونا گەپ- يىڭى زاماندا ئاقمايدۇ
دىگەن شۇئار ئاستىدا بىزگە قارشى تۇرغانلار
ئەمدى خەلق ئويغاندى ئاڭلاپ باقاي نىم دەيدۇ؟

،ياغلىق ئاتقان ئۇيغۇرلار تۇرسا ئىنىق پەرقلىق
.ھەتتا بۇنى بىز ئەمەس غەرپلىكلەر تونغلىق
يەنە نىمە يەتمەستىن سەن كۆتەردىڭ خاتانى
خەلقىمنىڭ قىنىنى سەن بىكارغا ئاققۇزدۇڭ
خالقارادا يۈزىمىزنى قالدۇرمىدىڭ تۆككۈزدۇڭ
سەن مىللەتنىڭ ئالدىدا چوڭ خاتالىق ئوتكىزدۇڭ
دەپ، سورىسا بۇ مىللەت چوڭ گۇناھكار بولامدۇ؟

ھوججىتى يوق ئالغاننىڭ، پۇلنى شۇنداق يىغامدۇ؟
بۇزۇپ-چىچىپ ئىشلىتىپ، ھىساۋىنى بەرمەمدۇ؟
ياكى مىللەت ھاماقەت ھىساپ-كىتاپ بىلمەمدۇ؟
كىم بىلىدۇ ئۇ، پۇلغا پايپاق كىيىپ يۇرەمدۇ؟
ئايىغى ھەم پۇتىغا پايپاق كىيسە خىتايلار
مانا ئاناڭ ھالى شۇ، دەپ قوڭىچە كۈلمەمدۇ؟

،ئىلىنمىغان ئويلىرى ئىچكىرىدىن-تاشقىرى
.ھەممە ئويدە بىر تۆشۈك، ئىش پۈتمىسە قاچقىلى
،ئۆي پۇلنى بەرگەن خالقنىڭ كۆچى يەتمەس ئاچقىلى
.سىنى شۇنداق ئالدايدۇ قويمىچىنىڭ باشلىقى
،جىگدە چىشلەپ مىڭ ئانا، ئوسما قويدى دادىلار
.ساڭا ئەمدى ئورون بارمۇ؟- نۇمۇس قىلىپ قاچقىلى

،بەر ئىجازەت لەيلىگە قويۇپ ئۇنىڭ مەيلىگە
.گەپ-سوزىگە قۇلاق سال، باقما«يامان پەيلى»گە
!سەنمۇ سۆزلە، لەيلىدەك نىمە دىسەڭ مەيلىدەك
!ئەمما گەپكە ئىگە بول، توختاتقۇچى چويلىدەك

،بىر مەھەل ئالسام ئارام مەن كاللامنى سەگىتىپ
،نىملەرنى دىمىدىڭ سەن خەق ماڭا تەگىشىپ
،مۇشۇنچىلىك دەپ تۇراي، تۇزدىن چىقىپ - ئەگىتىپ
!بەلكىم پىكرىم سىلەرنى سەل ئويغاتسۇن سەگىتىپ

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



## ئالى كېڭەش يىغىنى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

1

مېنىڭچە، مىللىي رەھبىرىمىز رابىيە خانىمنىڭ تەشەببۇسى ۋە مۇھاجىرەتتىكى ھەر ساھە زاتلىرىمىزنىڭ
قاتنىششى بىلەن بۇيىل 5 – ئايدا ئامىرىكىدا چاقىرىلىدىغان < شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر ئالى كەڭشى >
! يىغىنى، ھەقىقەتەنمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن بىر تارىخىي پۇرسەتتىن ئىبارەت
بۈگۈن چەت ئەللەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ كۈندىن – كۈنگە كۈچىيىپ ۋە
زورىيىپ بېرىۋاتقانلىقى بىر ئەمىلىيەت، ئەپسۇسكى، مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدا ساقلىنىۋاتقان
! مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس
شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىمكى، بىز مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار پىكىردە،
ھەرىكەتتە ۋە ئىشتا ھەقىيقى بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدۇق، يۈرگۈزمەكچى بولغان مىللىي سىياستىمىز
ۋە ئىستىراتىگىيەلىك يۈلۈنۈشىمىز ھەققىدە جىددى ئىختىلاپ ۋە توقۇنۇش مەۋجۇت، ھەرقايسى رايونلاردا
ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا ئىدىئولوگىيە ۋە دۇنيا قاراش جەھەتتە يەنىلا زور پەرىق بار،
كىيىنكى يىللاردىن بۇيان مىللىي ھەرىكىتىمىزدە پانىسلامىزىم ۋە پانتۈركىزىم ئىدىيىسى قايتىدىن
جانلىنىشقا باشلىدى، بۇنۇڭغا ماس ھالدا رادىكال ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىمۇ كۈچەيدى، پەرىقلىق ئىدىئولوگىيە ۋە
سىياسى يۈلۈنۈشكە ئىگە تەشكىلاتلىرىمىز ۋە سىياسى پائالىيەتچىلىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى دىيالوگ ۋە
ھەمكارلىقلار بارغانسىرى ئاجىزلاپ، بىر بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، ھەتتا بىر بىرىنىڭ يولىنى توسۇيدىغان
دەرىجىگە بېرىپ يەتتى
ھازىر مۇھاجىرەتتە ياشايدىغان قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدا ئۆزارا ئىشەنچ تۇيغۇلىرى ئاجىزلاپ، بىر بىرىنى
دەلىل ئىسپاتسىز ھالدا خايىن، جاسۇس، مۇناپىق، ساتقۇن، خىتايپەرەس دەپ ئەيىپلەيدىغان ئەھۋاللار
كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان دەرىجىدە كەڭ يېيىلىشقا باشلىدى
كېيىنكى يىللاردىن بۇيان خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مىللىي ھەرىكىتىمىزگە قاراتقان بۆلۈش، پارچىلاش ۋە
قارىلاش ھەرىكەتلىرى زور دەرىجىدە كۈچەيدى، ئەپسۇسكى بىز خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ قىلمىشىغا قارىتا
يېتەرلىك دەرىجىدە قارشى تەدبىر قوللۇنالمىدۇق، چەتەللەردە < شىنجاڭ توڭشاڭ خۇي> لارنىڭ، شۇنداقلا
خىتايپەرەس ئاتالمىش < ۋەتەنپەرۋەر مۇھاجىرلار > نىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىدى
ئىقتىسادى جەھەتتە مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرەلمىدۇق، مىللىي
ھەرىكىتىمىزدە رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىك ئورنىدا تۇرىۋاتقان ئاساسلىق تەشكىلاتلىرىمىز پۈتۈنلەي چەتەل
فوندى جەمىيەتلىرىنىڭ ياردىمىگە بېقىنىپ قالدى، بۇ سەۋەپتىن مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ سىياسى،
ئىقتىسادى ۋە تەشكىلى جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ھەم مەخپىيەتلىكىنى ئاساسەن قولدىن بېرىپ
قويدۇق، مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ تەزگىنى پەيدىن پەي چەتەل كۈچلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ
ئەڭ موھىم بولغىنى< شەرقىي تۈركىستانىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى
خەلقىمىزنىڭ ھەقىيقى غايە – ئىستەكلىرى نىمە ؟ > دىگەن مەسىلە ھەققىدە تەشكىلاتلىرىمىز ۋە
سىياسى پائالىيەتچىلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا ئېغىر دەرىجىدە ئىختىلاپ ۋە پەرىق مەۋجۇت .مۇھاجىرلار ۋە
سىياسى قاچقۇنلار مەسىلىسىدە ھەرقايسى تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا ماسلىششچانلىق
ئاجىز .مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ياشايدىغان قازاقىستان، قىرغىزىستان
قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىمىز ۋە سىياسى پائالىيەتچىلىرىمىز ئېغىر
چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت دايىرىسى بارغانسىرى تارىيىپ بېرىۋاتىدۇ، بۇ رايونلاردا جامائەت
. پىكرىنىڭ كونتۇروللۇقى پەيدىن – پەي خىتايپەرەسلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتىۋاتىدۇ
دىمەك، مۇشۇنداق ھالقىلىق بىر پەيتتە ئامەرىكىدا < شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر ئالى كەڭشى > يىغىنىنىڭ
چاقىرىلىشى، ساقلىنىۋاتقان يۇقارقىدەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە ئۆزارا بىرلىك – ئىتتىپاقلىقنى
.كۈچەيتىش ئۈچۈن زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



## 2

مېنىڭچە دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش ۋە دىنىي زاتلىرىمىز بىلەن سىياسى
تەشكىلاتلىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى قانداق تەڭشەش مەسىلىسى بۇ قېتىم ئامىرىكىدا
چاقىرىلىدىغان < شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر ئالى كېڭىشى > يىغىنىنىڭ موھىم كۈنتەرتىپلىرىنىڭ بىرى
! قىلىنىشى لازىم، چۈنكى بۇ ناھايىتى موھىم ۋە نازۇك بىر مەسىلە

شەرقىي تۈركىستانىنىڭ خوجىلار دەۋرى ھەممىمىزگە ئايان، ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دەۋالغان سوپى –
ئىشانلار بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى < ئاق تاغلىقلار > ۋە < قارا تاغلىقلار > دەپ ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن،
موسۇلمان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر – بىرىنى < كاپىر > دەپ ئەيىپلەيدىغان ھادىسىلەر ئەۋج ئالغان، پۈتۈن
شەرقىي تۈركىستان زىمىنىنى ئىتتىپاقسىزلىق، بۆلۈنۈش، قالاقلىق، خۇراپاتلىق، جاھالەت قاپلىغان، بۇنى
.پۇرسەت بىلگەن مانجۇ ئىمپىراتورلۇقى ھېچ بىر بەدەل تۆلىمەيلا ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغان ئىدى

خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغان 1949 – يىلىدىن تاكى 70 – يىللارنىڭ ئاخىرىغا
قەدەر ئۇيغۇر موسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا پۈتۈنلەي چەكلىمە قويغان، قۇرانى – كەرىم، ھەدىس ۋە
باشقا دىنىي ئەسەرلىرىمىزنى تامامەن كۆيدۈرۈپ، مەجسىدلىرىمىزنى چوشقا قوتانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان،
بۇ دەۋردە ياش ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى ئۆگۈنۈشتىن مەھرۇم
.قالغان ئىدى

خىتاي ھاكىمىيىتى 80 – يىللارنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر موسۇلمانلىرىنى < دىنغا
ئېتىقات قىلىدىغان ئامما > ۋە < دىنغا ئېتىقات قىلمايدىغان ئامما > دەپ ئىككىگە ئايرىغان، دىنىي
زاتلىرىمىز بىلەن زىيالىلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا، شۇنداقلا يەنە دىنىي زاتلىرىمىز بىلەن ئادەتتىكى ئامما
ئوتتۇرىسىدا سۈنى ئۇسولدا زىدىيەت، ئىختىلاپ، توقۇنۇش پەيدا قىلىشقا تىرىشىپ كەلگەن ئىدى، خىتاينىڭ
.بۇخىل بۆلۈش ۋە پارچىلاش سىياستى ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتىدۇ

ئەپسۇسكى، ھازىر چەتەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ خىتاينىڭ يۇقارقى تاكتىكىسىغا ئوخشاپ
كېتىدىغان بەزى ئېقىملار ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى < دىنچىلار > ۋە < دىنسىزلار >
.دەپ ئىككى قۇتۇپقا ئايرىشقا باشلىدى

بەزى كۈچلەر، < دىنىي زاتلار > دىگەن قالپاقنى كىيىۋېلىپ، ئەزەلدىن بىر – بىرى بىلەن ئىچقۇيۇن -
تاشقۇيۇن بولۇپ ئىناق ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى تەشكىلى جەھەتتىنلا ئەمەس، ئىجتىمايى جەھەتتىنمۇ
ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈشكە باشلىدى، كېيىنكى مەزگىللەردە مەخسۇس < دىنىي زاتلار > دىن تەركىپ تاپقان
.تەشكىلاتلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى

ئەگەر دىققەت قىلىدىغان بولساق، بۇخىل دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ غەرىپ ئەللىرىدە مۆتىدىل سىياسەت ئېلىپ
بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى قارىلاش، خىتاينىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن دىنىي جەھەتتىن تەلىم
ئېلىشتىن مەھرۇم قالغان قېرىنداشلىرىمىزنى، بولۇپمۇ زىيالىلىرىمىزنى < كاپىر > ۋە < دىنسىز > دەپ
! ھاقارەتلەشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس

بۇخىل كىشىلەرنىڭ مىللىي تۇيغۇسى ئاجىز، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆرپ – ئادەت ۋە ئەن – ئەنىلىرىنى ئىنكار
! قىلىدۇ، پۈتۈن كۈچى بىلەن دىنىي رادىكاللىقنى ۋە پانىسلامىزىمنى تەشۋىق – تەرغىپ قىلىدۇ

ئەزىز مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى ھايات – ماماتلىق خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ۋە بىرلىك – ئىتتىپاقلىققا
جىددى مۇھتاج بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، < دىنىي زاتلار > دىگەن شەرەپلىك نامنى قالقان قىلىۋېلىپ
ئايرىم تەشكىلات قۇرۇشنىڭ ۋە مىللىي ھەركىتىمىزدە بۆلۈنۈش پەيدا قىلىشنىڭ ئۆزى ماھىيەتتە خىتاي
! ھاكىمىيىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كەتمەن چاپقانلىق بىلەن باراۋەر

ھازىرغا قەدەر چەتەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ھېچ بىر تەشكىلاتىمىز دىنىي زاتلىرىمىزنى نەزەردىن
ساقىت قىلىۋەتكىنى يوق، چۈنكى ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋىي بايلىقى، دۇق دىن تارتىپ پۈتۈن
.تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ تەركىبىدە دىنىي ئىشلار كومۇتىتلىرى، بۆلۈملىرى ۋە مەسۇل خادىملىرى بار

گىرمانىيەنى ئېلىپ ئېيتساق، گىرمانىيەدە ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا يىتىشىپ چىققان ناھايىتى كۆپ مۇنەۋۋەر
دىنىي زاتلىرىمىز بار، ئەمما ئۇلار ئۆز ئالدىغا بىر تەشكىلات قۇرىۋالغىنى يوق، گىرمانىيەدىكى ئۇيغۇر
تەشكىلاتلىرىنىڭ تەركىبىدە يەر ئېلىپ ئاكتىپلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ
تەشكىلاتلىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى ۋە جامائەت ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلەلەرنى ھەل
قىلىش جەھەتتە ئويناۋاتقان رولى ناھايىتى زور، شۇڭا گىرمانىيەدىكى دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ خەلقىمىز

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



! ئىچىدە ۋە سىياسى پائالىيەتچىلىرىمىز ھەم زىيالىلىرىمىز ئارىسىدا ئالاھىدە ھۆرمىتى بار
مىنگچە مۇھاجىرەتتىكى دىنىي زاتلىرىمىز گىرمانىيەدىكى دىنىي زاتلىرىمىزدىن ئۈلگە ئېلىشى،
تەشكىلاتلىرىمىزنى ۋە جامائىتىمىزنى پارچىلاش ۋە بۆلۈش ئەمەس، بەلكى بىرلەشتۈرۈش، ياراشتۇرۇش ۋە
! ئىتتىپاقلاشۇرۇش رولىنى ئوينىشى لازىم

3

ئامرىكىدا چاقىرىلماقچى بولغان شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇر ئالى كېڭىشى يىغىنىنىڭ ۋاقتى يېقىنلاپ قالدى،
يىغىن تەييارلىق كومۈتىتىنىڭ ئۇختۇرۇش ۋە مۇراجەتلىرىنىڭ مەزمونىدىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى يىغىندا
نۇختۇلۇق مۇزاكىرە قىلىنىدىغان نېگىزلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولسا شەرقىي تۈركىستان مىللىي
.ھەرىكىتىنىڭ بۇنۇڭدىن كېيىنكى ستراتىگىيەسىنى ۋە يول خەرىتىسىنى بەلگىلەپ چىقىشتىن ئىبارەت
شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ قېتىمقى تارىخىي يىغىن پەقەت ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى شەرقىي
.تۈركىستانلىقلارنىڭلا ئەمەس، خەلقارا جامائەتچىلىكنىڭمۇ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىماقتا
مەيلى ئېتىراپ قىلايلى ياكى قىلمايلى، قوبۇل قىلايلى ياكى قىلمايلى، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ
تەقدىرى مەسىلىسىنى قايسى ستراتىگىيە بىلەن ھەل قىلىش مەسىلىسىدە تۆۋەندىكىدەك 3 خىل قاراش
: مەۋجۇت
بىرىنچى قاراشتىكىلەر، مىللىي مۇستەقىللىق تەلپى ۋە شوئارىدىن ئەسلا ۋاز كەچمەسلىك، خەلقارا سىياسى
سەھنىلەردە ۋە خىتاي بىلەن بولغان ھەرقانداق دىيالوگ ۋە مۇزاكىرىلەردە مۇستەقىللىقتىن باشقا ھېچ بىر
مەسىلىدە مۇرەسسە قىلماسلىق، مىللىي مۇستەقىللىق شوئارى ئاستىدا مىللىي ھەرىكىتىمىزنى
داۋاملاشتۇرۇش، خەلقارالىق پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە خەلقارالىق كۈچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن مىللىي
.مۇستەقىللىقىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ كەلمەكتە
بۇ قاراشتىكى ئۇيغۇر سىياسى پائالىيەتچىلىرىمىزمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەملىكە قىلىنىش جەريانى،
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى، ب دت نىڭ ئومومىي باياننامىسىدا تەكىتلەنگەن < مىللەتلەرنىڭ ئۆز
تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پىرىنسىپى >، ب د ت تەرىپىدىن ماقۇللانغان < يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەق –
ھوقوقىنى قوغداش قانۇنى > ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك خەلقارالىق قانۇن – نىزاملار ئاساسىدا ، شەرقىي
.تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لاھىيەسى ئۈستىدە جىددى ئىزدەنمەكتە
ئىكىنچى قاراشتىكىلەر، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى يېتەكچى
ئىدىيە ۋە كەلگۈسى غايە قىلىشنى، ئەمما دۇنيا سىياسى سەھنىلىرىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى
نىزامنامىسىدا كۆرسىتىلگەن < مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقى > پىرىنسىپىنى ۋاستە
.قىلىشنى،< مۇستەقىللىق > نى ئاشكارە تەكىتلىمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىپ كەلمەكتە
: ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزاھاتى تۆۋەندىكىچە
يىلىنىڭ ئاخىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ تەستىقلىنىشىغا ئەگىشىپ، <-1945
ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش > پىرىنسىپى، رەسمى يوسۇندا خەلقارا قانۇن ۋە دىپلوماتىيە قۇرۇلمىسىغا
.كىرگۈزىلدى
ب دت نىزامنامىسىنىڭ 1-بۆلۈم 1- ماددىسىنىڭ 2 - قىسمىدا، < بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى،
ھوقوق باراۋەرلىگى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پىرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، مىللەتلەر
(دۆلەتلەر) ئارىسىدا دوستانە مۇناسىۋەتنى تەرەققى قىلدۇرىدۇ ۋە باشقا مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ
.ئۇنىۋېرسال تىنىچلىقنى كۈچلەندۈرىدۇ >دەپ كۆرسەتكەن
ئۇندىن سىرت يەنە، ب دت نىڭ پۇخرالىق ۋە سىياسى ھوقوقلار خەلقارا ئەھدىنامىسى ، شۇنداقلا ب دت
نىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمايى ۋە مەدەنىيەت ھوقوقلىرى خەلقارا ئەھدىنامىسىنىڭ ھەر ئىككىسى
:تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسەتكەن
ھەممە خەلق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىغا ئىگە. شۇ ھوقوققا تايىنىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ >
سىياسى سالاھىيىتىنى ئەركىن بەلگىلەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادى، ئىجتىمايى ۋە مەدەنىيەت
.تەرەققىياتىنى دەخلىسىز ئىلىپ بارىدۇ <
بۇندىن باشقا يەنە ب دت نىڭ ئۇنىۋېرسال ئىنسان ھەقلىرى خىتاپنامىسىنىڭ 15-ماددىسىدا، < ھەر بىر
كىشىنىڭ، ئۆزىنىڭ مىللى كىملىكىنى (دۆلەت تەۋەلىگىنى) بەلگىلەش ھوقوقى بولىدۇ، ھېچ كىم خالىغىنىچە
ھېچكىمنىڭ مىللى كىملىگىنى (دۆلەت تەۋەلىگىنى) تارتىۋالالمايدۇ ياكى ئۇنىڭ مىللى كىملىگىنى (دۆلەت

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



.تەۋەلىگىنى) ئۆزگەرتىش ھوقوقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ > دەپ ئېنىق كۆرسۈتۈلگەن
دىمەك، يۇقارقىلارنى كۆزدە تۇتقاندا < ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش > دىگەن بۇ ئۇقۇم ناھايىتى كەڭ
مەناغا ئىگە بولۇپ، بىزگە ئوخشىغان ئەسىر مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشمۇ يەنە
.مۇشۇ پىرىنسىپقا تايىنىدۇ
ب دت نىڭ قانۇن پىرىنسىپلىرىغا باپ كېلىدىغان بۇ ئۇقۇمنى تەكتلىگەنلىكنى، ھەرگىزمۇ <
.مۇستەقىللىقتىن تەل – تۆكۈس ۋاز كەچكەنلىك > دەپ تەتۈر تەشۋىق قىلماسلىقىمىز لازىم
شۇڭا بىز، خىتايغا سىياسى ۋە دەپلوماتىيە جەھەتتە ئېنىق باھانە تېپىپ بېرىدىغان نوقۇل ھالدىكى <
مۇستەقىللىق > دىگەن بۇ سىياسى شوئارغا ئېسىلۇالماي، < مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش
.ھوقوقى > دىگەن بۇ خەلقارالىق پىرىنسىپتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشىمىز لازىم
ئۈچۈنچى قاراشتىكىلەرنىڭ پىكرىچە، مىللىي مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولسا بىزنىڭ كەلگۈسى
يىراق غايىمىز، نۆۋەتتە مىللىي ھەرىكىتىمىز ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ۋە رىيال يول تىبەتلىكلەر تاللىغان ئوتتۇرا
.يول سىياستى، يەنى، فېدىرال جۇمھۇرىيەت تۈسىنى ئالغان ئالى ئاپتونومىيەدىن ئىبارەت
ئۇلار، فېدىرال جۇمھۇرىيەت تۈسىنى ئالغان ئىسمى جىسمىغا لايىق ئالى ئاپتونومىيەنى، مىللىي
تەقدىرىمىزنى ھەل قىلىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى قىلىشىمىز لازىم، خىتاي بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغاندا،
نۆۋەتتىكى < شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى > نى تۈپتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خەلقارا ئۆلچەمگە ماس
كېلىدىغان، دېموكراتىك ئەللەردىكى ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ شەكلىگە ئوخشاش < شەرقىي تۈركىستان
( ئۇيغۇرىستان ) ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى > نى قۇرۇپ چىقىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز لازىم دەپ
.قارىماقتا
: بۇخىل قاراشتىكى سىياسى پائالىيەتچىلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزاھاتى تۆۋەندىكىچە
چەتئەللەردە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي ھەرىكىتىمىز 61 يىللىق
شانلىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ھازىرغا قەدەر بىزنىڭ كۆرىشىمىزنىڭ تۈپ مەقسىدى ۋە غايىسى، پەقەتلا
شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.مىللىي
ھەرىكىتىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىمۇ < مۇستەقىللىق نەزىرىيەسى > ئاساسىغا تايانغان بولۇپ، مىللىي
تەقدىرىمىزنى ھەل قىلىش مەسىلىسىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەل تۆكۈس مىللىي مۇستەقىللىقىنىڭ
.ئېتىراپ قىلىنىشىنى بىردىن بىر شەرت قىلىپ كەلدۇق
بۇ يېتەكچى ئىدىيە ھازىرمۇ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ تۈپ نىزامى ۋە
نەزىرىيەۋىي ئاساسى بولۇپ،< شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى نەزىرىيەسى > ھىچ بىر مۇرەسسە ۋە
مۇنازىرە تەلەپ قىلىشقا بولمايدىغان نىزام قىلىپ بېكىتىلگىنى ئۈچۈن، ھازىرغا قەدەر مىللىي ھەرىكىتىمىزدە
بۇ يېتەكچى ئىدىيەگە خىلاپ ھىچ بىر پىكىر ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىدى. چىقىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس
.ئىدى
چۈنكى مىللىي ھەرىكىتىمىزدە مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئەمىلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش،
كەلگۈسى غايە بىلەن ھازىرقى نىشاننى پەرىقلەندۈرۈش، قايتىدىن شەكىللەنگەن يېڭى دۇنيا ۋەزىيىتىگە
مۇناسىپ ھالدا جانلىق ئىستىراتىگىيە ۋە تاكتىكا بەلگىلەش تەرەپدارى بولغان رىياللىست كۈچلەر ھەر زامان
.چەتكە قېقىلىپ ۋە زەربىگە ئۇچراپ كەلدى
شۇڭا ھازىرغا قەدەر مىللىتىمىزنىڭ تەقدىر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە نوقۇل ھالدىكى
مۇستەقىللىق شوئارىمىز ۋە تەلىپىمىزدىن باشقا ھىچ بىر كونكىرتنى پىلان تەدبىرىمىز ياكى
ئىستىراتىگىيەيىمىز بولمىدى. چەتئەللەردىكى مىللىي ھەركىتىمىزنىڭ 61 يىلى پۈتۈنلەي خىتاينىڭ
ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، خىتاينىڭ خەلقىمىزگە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى پاش قىلىش بىلەن ئۆتۈپ،
ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان زۇلۇم، بېسىملارنى يەڭگىللىتىش، خەلقىمىزنىڭ يوقۇلۇشقا يۈز
تۇتقان سىياسى، ئىقتىسادى، مەمۇرى، قانۇنى، مەدىنىي، مائارىپ، دىنىي جەھەتلەردىكى ھەق –
.ھوقوقلىرىنى قوغداش جەھەتتە ھىچ بىر ئەمىلىي قەدەم باسالمىدۇق
يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ سابىق سوۋيېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كىيىن دۇنيا سىياسى ۋەزىيىتىدە 61
غايەت زور ئۆزگىرۈشلەر يۈزبېرىپ، بىزگە ئوخشاش ئەسىر مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تەقدىر مەسىلىسىنى ھەل
قىلىشتا ئەن – ئەنىۋى قاراش، مودىدىن قالغان كونا ئىدىلوگىيە ۋە كىلاسسىك كۆرەش شەكىللىرىدىن ۋاز
كېچىپ، دۇنيا ۋەزىيىتىگە ماس ھالدا ئارقا – ئارقىدىن يېڭى يول ۋە تاكتىكىلار بەلگىلەپ چىقىشقا
.باشلىدى
بولۇپمۇ ئامىرىكىدا يۈزبەرگەن < 11 – سىنتەبىر > تېرور ۋەقەسىدىن كىيىن، خەلقارا سىياسى
سەھنىلىرىدە ،< كىشىلىك ھوقوق، ئىگىلىك ھوقوقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ > دىگەن قاراشنىڭ ئوتتۇرىغا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



چىقىشى ۋە بۇخىل قاراشنىڭ غەربىي دىموكراتىك ئەللىرىنىڭ كەڭ قوللاپ – قۇۋەتلىشىگە ئېرىششى بىلەن،
بىزگە ئوخشىغان كۆپلىگەن ئەسىر مىللەتلەر ئىگىلىك ھوقوق داۋاسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئالدى
بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدىنى ھەق – ھوقوقلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش
قىلىش ۋە بىرىنچى باسقۇچتا مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش، خەلقارالىق پۇرسەت پىشىپ
يېتىلگەندە ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ھىساپلانغان مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن رىيال
.سىياسەت يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە

شۇ بىر ئەمىلىيەتكى، خىتاينىڭ ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تېررىتورىيەسى
ۋە ئىگىلىك ھوقوقى ب د ت ۋە ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى بارلىق دۆلەتلەر تەرىپىدىن تولۇق ئېتىراپ قىلىنغان
بولۇپ، خىتاي بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى بار پۈتۈن ئەللەرنىڭ خىتاينىڭ بۇ زىمىن پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت
.قىلىش مەجبۇرىيىتى بار، بۇ پىرىنسىپ، ب دت نىڭ نىزامنامىسىدىمۇ ئېنىق كۆرسۈتۈلگەن

ھازىرغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەلقارالىق ئورنى تېخى بېكىتىلگىنى يوق، ۋەتىنىمىزنىڭ خەلقارادىكى
قانۇنى سالاھىيىتى ئېتىراپ قىلغان بىرمۇ دۆلەت يوق. يەنە شۇنداقلا بۈگۈنگە قەدەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ
خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان ئىگىلىك ھوقوقىغا ئىگە بىر دۆلەت ئىكەنلىكىگە دايىر خەلقارالىق
.تەشكىلاتلار، دۆۋلەتلەر ۋە پارلامىنتلەر تەرىپىدىن بىرمۇ قارار ئېلىنغىنى يوق

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىر خەلقارادىكى رەسمى سالاھىيىتى بولسا، < شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى >
بولۇپ، ب دت تەركىۋىدىكى پۈتۈن دۆلەتلەر بۇ < ئاپتونوم رايون > نى خىتاينىڭ بىر پارچىسى دەپ ئېتىراپ
قىلغان، ب دت نىڭ نىزامنامىسىنىڭ ۋە خەلقارالىق دېپلوماتىك قايىدە – پىرىنسىپلارنىڭ روھى بويىچە،
.پۈتۈن دۆلەتلەرنىڭ بىر  بىرىنىڭ زىمىن پۈتۈنلىكىگە ۋە ئىگىلىك ھوقوقىغا ھۆرمەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بار
يەنە كېلىپ خىتاي تاكى ب دت قۇرۇلغان 1945 – يىلدىن، ھازىرغا قەدەر ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ
دايىمى ھەيەت ئەزاسى بولۇپ، ب د ت تەرىپىدىن ئېلىنغان ھەرقانداق قارارنى بايقۇت قىلىش سالاھىيىتىگە
.ئىگە

دىمەك، يۇقارقى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقاندا، ب د ت تەركىۋىدىكى ۋە خىتاي بىلەن دېپلوماتىك مۇناسىۋىتى
بولغان ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنى ئاشكارە قوللىشى ياكى
مۇستەقىللىقنى غايە  مەقسەت قىلغان تەشكىلاتلىرىمىز بىلەن بىۋاستە دىيالوگ ۋە سۆھبەت ئېلىپ بېرىشى
.ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بىز بۇ رىياللىقنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ۋە كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم

گەرچە بىزنىڭ مۇستەقىللىق شوئارى ئاستىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي ھەرىكىتىمىز غەربىي دېموكراتىك
ئەللىرىدە ئانچە چوڭ بىر چەكلىمىگە ئۇچرىماي كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما چەتەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 90
پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبەكىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە
پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتلىرىمىز زور چەكلىمە ۋە بېسىمغا ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى
.يىلدىن  يىلغا تارىيىپ كەلمەكتە

خىتاي ھاكىمىيىتى ب د ت نىڭ نىزامنامىسىدا كۆرسىتىلگەن بەزى دېپلوماتىك قايىدە  پىرىنسىپلارنى
سۈيىستىمال قىلىپ تۇرۇپ < شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى ئىكەنلىكى پۈتۈن دۇنيا
تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ مەقسىدى ۋە غايىسى خۇددى ئۇلار ئاشكارە جار
سېلىپ كەلگىنىدەك ۋەتىنىمنى بۆلۈش ۋە پارچىلاش، شۇڭا مېنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋە
.دۆلىتىمىنىڭ زىمىن پۈتۈنلىكىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىم ۋە سالاھىيىتىم بار > دەپ جار سېلىپ كەلمەكتە
خەلقارادا ئۇيغۇرلارغا سەل – پەل ھېسداشلىق قىلغان دۆلەت ۋە تەشكىلاتلارنى، < بۆلگۈنچىلەرنى قوللاپ،
ئىچكى ئىشىمغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى > دەپ ئەيىپلەپ، بۇخىل ئۆكتەملىك بىلەن دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ
.يۈت – قولىنى كۈشەشكە ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە

دىققەت قىلىدىغان بولساق، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا يەرلىك خەلققە قارىتا
يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان قاتتىق باستۇرۇش ۋە خىتايلاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى خەلقاراغا، <
بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى > دەپ تەشۋىق قىلىۋاتقانلىقىنى، يەرلىك خەلق ئىچىدىكى
ھاكىمىيەتكە قارشى نارازىلىق ۋە قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىلا ئەمەس، ھەتتە ھۆكۈمەتنىڭ زۇلۇم ۋە ئادالەتسىز
سىياستىنى تەتقىق قىلىپ ئەركىن پىكىر قىلغۇچى ئادەتتىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ بۆلگۈنچىلىك كاتىگورىيەسىگە
.كىرگۈزۈپ زەربە بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز

خۇددى دالاي لامانىڭمۇ كۆپ قېتىم تىلغا ئالغىنىدەك، مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا بىز تەكىتلەپ كېلىۋاتقان
ھازىرقى مۇستەقىللىق شوئارىمىز، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقۇمىزنى يوقۇتۇشى ئۈچۈن ناھايىتى
.چوڭ بىر باھانە ۋە كوزۇر بولۇپ قالدى

دالاي لاما باشچىلىقىدىكى تىبەت مىللىي ھەرىكىتىنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تەقدىرىنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا يولنى تاللىغانلىقىمۇ، دەل يۇقارقىدەك پايدىسىز ئامىللارنى كۆزدە تۇتقانلىقىدىن
.ئىبارەت

ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىمكى، تىبەت مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئەمىلىي كۈچى ۋە خەلقارالىق تەسىرى بۈگۈن ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىدىن ھەسسىلەپ كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرغا قەدەر تىبەتنىڭ خەلقارادىكى قانۇنى ئورنى ھەققىدە ئامىرىكا ۋە غەرىپ ئەللىرى پارلامىنتلىرىدا كۆپلىگەن قارارلار ماقۇللانغان بولۇپ، ئۇلار .تىبەتنى، < خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان دۆلەت > دەپ قاراپ كەلمەكتە

شۇنداق ئەۋزەللىككە ۋە خەلقارا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ تۇرۇغلۇق، دالاي لاما باشچىلىقىدىكى تىبەت مىللىي ھەرىكىتى يەنە ئوتتۇرا يولنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى ۋە بۇ يولنى تىبەت خەلقىنىڭ مىللىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىق يول دەپ قاراپ، ھازىرغا قەدەر بۇ سىياسەتنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ .كەلمەكتە

ئەمىلىيەت ئىسپاتلىدىكى، تىبەتلىكلەر تۇتقان بۇ ئوتتۇرا يول سىياسىتى، تىبەت مىللىي ھەرىكىتىنىڭ خەلقارادىكى تەسىرىنى ئاشۇرۇشتا، تېخىمۇ كۆپلىگەن دۆۋلەتلەرنىڭ يۈرەكلىك ھالدا ئاشكارە قوللىشىغا ئېرىشىشتە، ۋەتەن ئىچىدىكى تىبەت خەلقىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، قانۇنى، مەمۇرى، مەدىنى، دىنى ۋە ئىجتىمايى ھەق – ھوقوقلىرىنى قوغداپ قىلىشتا، خىتاينىڭ تىبەتلىكلەرگە قاراتقان ئاتىسمىلاتسىيە .ھەرىكىتىنىڭ قەدىمىنى توسۇش ۋە ئاستىلىتىشتا ئىجابى ئۇنۇملەرنى ئېلىپ كەلدى

دالاي لاما باشچىلىقىدىكى تىبەت مىللىي ھەرىكىتىنىڭ مەقسىدى، بىرىنچى باسقۇچتا < يۇكسەك ئاپتونومىيە > شوئارى ئاستىدا، مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلار ھەققىدە ب د ت نىزامنامىسىدا كۆرسىتۈلگەن پىرىنسىپلار، خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنى ۋە < مىللىي تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى > دا ۋەدە قىلىنغان ئاپتونومىيەلىك ھەق  ھوقوقلاردىن پايدىلىنىپ تىبەت خەلقىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قىلىش ۋە مەمۇرى جەھەتتە تىبەتلىكلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىككىنچى باسقۇچتا، خەلقارالىق شەرت – شارايىت پىشىپ يېتىلگەندە ئەڭ ئاخىرقى غايىسى ھىساپلانغان مىللىي .مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت

چۈنكى بىر مىللەت ئاتىسمىلاتسىيەگە ئۇچراپ ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقۇتۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنىڭ ھېچ بىر ئەھمىيىتى قالمايدۇ، ئېغىر ئاتىملاتسىيەگە .ئۇچرىغان بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس

دىمەك، بۇيەردە ئەڭ موھىم بولغىنى، مىللەتنىڭ مەدىنىيىتىنى ۋە پۈتۈنلىكىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ بىزگە ئوخشاش مۇستەملىكە ئاستىدا ياشاۋاتقان ئەسىر مىللەتلەرنىڭ نۆۋەتتىكى بىرىنچى ! ۋەزىپىسى ۋە نىشانىدىن ئىبارەت

ئەلۋەتتىكى، تەقدىرى بىز بىلەن ئوخشاش بولغان دالاي لاما باشچىلىقىدىكى تىبەت مىللىي ھەرىكىتى ئوتتۇرا يولنى تاللىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىدىمۇ بۇ ھەقتە يوشۇرۇن تالاش  تارتىشلار مەيدانغا كەلدى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدە .يېڭى پىكىر – ئىقىملار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى

ئەپسۇسكى ھېچ كىم بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئاشكارە دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالىغىنى يوق. چۈنكى ئۇلار < خىتايپەرەس >، < يۇكسەك ئاپتونومىيەچى >، ھەتتا < مىللىي مۇناپىق >، < ساتقۇن >، < خايىن > دىگەندەك قالپاقلارنىڭ بېشىغا كەيدۇرۇلۇپ قېلىشىدىن ۋە زەربىگە ئۇچرىشىدىن ۋەھىمە .يەپ سۈكۈت قىلىپ تۇرىۋاتىدۇ

بۈگۈن ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزمۇ بىزدىن دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىغان غايىۋانە شوئارلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان جىددى مەسىلىلەر ھەققىدە ئەمىلىي قەدەملەرنى بېسىشىمىزنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، قانۇنى، مەدىنى، دىنى جەھەتلەردىكى ھەق  ھوقوقلىرىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى جەھەتتە ئىجابى ۋە ئەمىلى قەدەملەرنى بېسىشىمىزنى، دۇنيا ۋەزىيىتىگە ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان رېيال سىياسەت ۋە پىلان  پۇروگراممىلارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەق  ھوقوقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئىچكى  تاشقى جەھەتتە ئازادە بىر سىياسى موھىت يارىتىشىمىزنى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئاتىملاتسىيە سىياسىتىگە باھانە ۋە پۇرسەت يارىتىپ .بەرمەسلىكىمىزنى ئۈمىت قىلماقتا

نۆۋەتتە خەلقارادا يەنە 50 – 60 يىلدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ تىل  يېزىقىنىڭ يوقۇلىدىغانلىقىغا دائىر ئىلمىي تەسەۋۋۇرلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا، بۇخىل قاراشلار ھەرگىزمۇ تاسادىپى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان ئەمەس. بەلكى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا جىددى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئومومى يۈزلۈك خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتى ۋە بۇ

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



.سىياسەتنىڭ كەلتۈردىغان ئاقىۋەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك
مانجۇ ئىمپىراتورلۇقى دەۋرىدە 1911 – يىلىدىن 1949 – يىلىغىچە بولغان خىتاي مىلىتارىسلىرى ۋە
گومىنداڭ ھاكىمىيىتى دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارىتا سىستېمىلىق بىر ئاتمىلاتسىيە
سىياستى يۈرگۈزۈلمىگەن ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئەينى چاغدىكى
مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەتلەرگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. ھازىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقى
.تارىختىن بۇيانقى ھەر قانداق دەۋردىكىدىن بەكرەك ئېغىر خەۋىپ ۋە تەھدىتكە دۇچ كەلمەكتە
ئەپسۇسكى ھازىر مىللىي كۈرەش سېپىمىزدە < بىر مىللەت ئاسان يوقۇلۇپ كەتمەيدۇ، ئۇيغۇرلار 100
نەچچە يىللىق مۇستەملىكە تارىخىغا ئىگە، ھازىرغىچە يوقىمىدى، بۇندىن كېيىنمۇ يوقالمايدۇ > دىگەن
سەپسەتىنى بازارغا سېلىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئومۇمى يۈزلۈك ئاتمىلاتسىيە
.سىياستىگە سەل قاراپ كەلمەكتە
ئەلۋەتتەتتىكى، < مانجۇ ، جۇۋاڭ زۇ > دىگەندەك ئىسىملەرنىڭ يوقالمىغىنىدەك، < ئۇيغۇر > دىگەن بۇ
ئىسىممۇ يوقالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما دۇنيا تارىخىدا ئىسمى يوقىمىغان، ئەمما جىسمى يوقىغان، مىللىي
.ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقاتقان مىللەتلەر ناھايىتى كۆپ
شۇڭا بىز مەسىلىلەرگە رىيال قاراپ، ئەڭ ئاخىرقى غايە ۋە مەقسىدىمىز ھىساپلانغان مىللىي
مۇستەقىللىقىمىزگە يېتىشنىڭ ھەرخىل ئۇسول ۋە چارىلىرى ئۈستىدە جىددى ئىزدىنىپ بېقىشىمىز
لازىم.مەسىلەن، بىزنىڭمۇ تىبەتلىكلەردەك ئوتتۇرا يولنى تاللاش ئىمكانىيىتىمىز بارمۇ ؟
ئەگەر ئوتتۇرا يولنى تاللىساق بىزنىڭ مىللىي تەلىپىمىز نىمە بولۇشى لازىم ؟
ئەگەر خىتاي بىلەن مۇزاكىرىنى يولغا قويساق، بىزنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىمىز نىمە بولۇشى كېرەك ؟
ئوتتۇرا يول سىياستىنى خەلقارادا قانداق بىر ئىستىراتىگىيە بىلەن ئېلىپ مېڭىشىمىز لازىم ؟
ناۋادا ئوتتۇرا يولنى ۋە مىللىي تەقدىرىمىزنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ ھەل قىلىش سىياستىنى مۇۋاپىق
كۆرمىسەك، ئۇ ھالدا قايسى ئۇسۇلدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم ؟
بىزنىڭ ھەقىيقى چىقىش يولىمىز نەدە ؟ دىگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىلمى ۋە ئەخلاقى يوسۇندا
مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىمىزنىڭ يول خەرىتىسىنى ئېنىق سىزىپ چىقىشىمىز لازىم.مىللى تەقدىرىمىزگە
مۇناسىۋەتلىك يۇقارقىدەك قاراشلارنى بۇلۇڭ پۇشقاقلاردا ئەمەس، بەلكى مانا مۇشۇنداق ئومومى سورۇندا
ئاشكارە تالاش – تارتىش قىلىش كېرەك دەپ قارايمىز.دالاي لاما باشچىلىقىدىكى تىبەت مىللىي
ھەرىكىتىنىڭ، مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى ۋاقتىنچە بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، مەمۇرى شەكلى < يۈكسەپ
ئاپتونومىيە > گە تايانغان ئوتتۇرا يولنى تاللىشى ۋە بۇ ئاساستا خىتاي ھاكىمىيىتى بىلەن بىلەن بىۋاستە
دىيالوگنى يولغا قويغانلىقى، ئۇيغۇر مىللى ھەرىكىتىگىمۇ بىۋاستە تەسىر كۆرسۈتۈپ، مىللىي كۈرەش
.سېپىمىزدە بۇ جەھەتتە جىددى تالاش  تارتىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەپچى بولدى
تىبەتلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا يولنى تاللىشى گەرچە ھازىرغا قەدەر تىبەت مىللىي ھەرىكتى بىلەن ئۇيغۇر مىللىي
ھەرىكتى ئوتتۇرىسىدا 1959 – يىلىدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق
مۇناسىۋەتلىرىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىمكى، خەلقارا سىياسى
سەھنىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تىبەتلىكلەرنى ئۆرنەك ئېلىپ، ئوتتۇرا يولنى تاللىشى كېرەكلىكىگە دايىر ئاشكارە
.ۋە يوشۇرۇن بېسىم، شۇنداقلا تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلەر بار
بىزگە ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان دۆلەت ۋە خەلقارالىق كۈچلەرنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ بۈگۈنكى زىمىن
پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى
قوللىمايدىغانلىقىنى ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى ۋە بىزگىمۇ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خىتاينىڭ
ھازىرقى تېرىتورىيەسى ئىچىدە ھەل قىلىشىمىز لازىملىقىنى، ئەڭ رىيال ۋە مۇۋاپىق يولنىڭ ئالدى بىلەن
شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلقنىڭ ئاپتونومىيەلىك ھەق – ھوقۇقلىرىنى
.كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كەلمەكتە
تىبەتلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا يولنى تاللىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ مىللىي داۋادىن ياكى مۇستەقىللىق غايىسىدىن ۋاز
كەچكەنلىك دەپ قاراشقا بولمايدۇ. تىبەتلىكلەرنىڭ بۇ يولنى تاللىشىدىكى تۈپ مەقسىدى، پەقەتلا
خەلقارادا ئەۋزەل شارايىتقا ئىگە بولۇش، بىر تەرەپتىن، خىتاينىڭ < مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش >
شوئارى ئاستىدا تىبەتلىكلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى يوقۇتۇشىغا سىياسى ۋە دىپلوماتىك پۇرسەت
يارىتىپ بەرمەسلىك، ئىككىنچىدىن، < ب د ت نىڭ نىزامنامىسى ۋە خەلقارالىق دىپلوماتىك قايىدە
پىرىنسىپلارنىڭ روھى بويىچە، خىتاينىڭ ھازىر دۇنيا تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئىگىلىك ھوقوقىغا قارشى
ھەرقانداق شەكىلدىكى بۆلۈنۈش ھەرىكىتىنى ئاشكارە ۋە دالىل ھالدا قوللۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس > دىگەن
باھانە بىلەن ئۆزىنى چەتكە تارتىپ كەلگەن ۋە سۈكۈت قىلىپ تۇرىۋاتقان ئەللەرنىڭ، رايونلارنىڭ ۋە

ئەۋلاد گۆرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



خەلقارالىق تەشكىلاتلارنىڭ، تىبەت مىللىي ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كەڭ قوللىشى ئۈچۈن ئازادە زېمىن ھازىرلاپ بېرىشتىن ئىبارەت.

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرىپ ئەللىرى ۋە خەلقارالىق تەشكىلاتلارمۇ تىبەتنىڭ ئوتتۇرا يول سىياسىتىنى كوزۇر قىلىپ تۇرۇپ، تىبەت مىللىي ھەرىكىتىگە بولغان ئاشكارە قوللۇشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، خىتايغا قاراتقان سىياسى ۋە دەپلوماتىك بېسىملىرىنىمۇ ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ كەلمەكتە.تىبەتنىڭ ئوتتۇرا يول سىياسىتى، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تىبەت رايونىغا قاراتقان خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى توسۇش ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ بەزى مىللىي ھەق – ھوقوقلىرىنى قوغداپ قېلىش جەھەتلەردە ئىجابى ئۈنۈملەرنى ئېلىپ كەلدى.مەسىلەن، كۆچمەن يۆتكەش مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، خەلقارانىڭ كۈچلۈك بېسىمى تۈپەيلىدىن خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى ھازىرغا قەدەر تىبەت رايونىغا قارىتا كەڭ كۆلەمدە كۆچمەن يۆتكەش جەھەتتە ئومومى سەپەرۋەرلىك ياكى تەشۋىقات ئېلىپ بارغىنى يوق ۋە بۇ رايونغا كىرىدىغان كۆچمەنلەرگە قىسمەن چەكلەش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە، شۇڭا 49 – يىلدىن بۇيان تىبەتتىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ سانىدا چوڭ بىر ئېشىش كۆرۈلگىنى يوق.خىتاينىڭ رەسمى ئىستاتىسكىلىرىدا بۆگۈن تىبەت ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومومى نوپۇسى 2 مىليون 700 مىڭدىن كۆپىرەك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تىبەتلىكلەرنىڭ سانى 2 مىليون 500 مىڭدىن كۆپىرەك ۋە ئومومى نوپۇسنىڭ 92 پىرسەنتىدىن كۆپىرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. باشقا مىللەتلەرنى چىقىرىۋەتسەك خىتاينىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى ئاران 4 – 5 پىرسەنت ئەتراپىدا.

دالاي لاما باشچىلىقىدىكى تىبەت تەشكىلاتلىرى خىتاي كۆچمەنلىرىنى تىبەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتلىرىگە ۋە ئىگىلىك ھوقوقىغا خەۋىپ يەتكۈزىۋاتقان ئەڭ زور خەۋىپ دەپ قاراپ، خىتاي ئاققۇنلىرىنىڭ تىبەتكە ئېقىپ كىرىشىنى توسۇش ھەرىكىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى قىلىپ كەلمەكتە ۋە ئۆزلىرىنى قوللاۋاتقان خەلقارالىق كۈچلەرنىڭ دىققەت  ئېتىبارىنى بۇ نۇختىغا قارىتىشقا تىرىشىپ كەلمەكتە.تىبەتلىكلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە خەلقارانىڭ بېسىمى بىلەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزى كومىتېتى 1980 – يىلى 4 – ئاينىڭ 7 – كۈنى تىبەت سىياسىتى ھەققىدە 8 ماددىلىق قارار ئېلان قىلغان ۋە بۇ قارارنىڭ 4 – 5 – ماددىلىرىدا، مەركەز تەيىنلىگەن رەھبىرى كادىرلار، دوختۇرلار، تېخنىك ۋە ئىنجىنىرلار، شۇنداقلا ئالى مەكتەپلەرنى تاماملىغان ئىقتىساس ئىگىلىرىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ تىبەت ئاپتونوم رايونىغا خالىغانچە ئېقىپ كىرىشىنى چەكلىگەن ئىدى. بۇ چەكلەش سىياسىتى ھازىرمۇ كۈچكە ئىگە.شۇڭا تىبەتلىكلەرنىڭ ھازىرقى تىبەت ئاپتونوم رايونى تېررىتورىيەسى ئىچىدىكى خىتاي كۆچمەنلىرىدىن ئانچە چوڭ ئەندىشىسى يوق، چۈنكى كۆچمەن ئېقىشىنى ئاساسى جەھەتتىن تىزگىنلەپ قالالىدى.ئۇلارنىڭ نىشانى ھازىر سىچۈئەن، چىڭخەي، گەنسۇ، يۈننەن قاتارلىق 4 ئۆلكىدە تەسىس قىلىنغان 10 تىبەت ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە 2 تىبەت ئاپتونوم ناھىيەسى تەۋەسىدىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىش ۋە بۇ رايونلارغا خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئېقىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا بۇ ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيەلەرنى تىبەت ئاپتونوم رايونىغا قوشۇۋېلىشتىن ئىبارەت.

يەنە مەسىلەن، تىبەتتە، < قوش تىللىق ئوقۇتۇش > دەيدىغان سىيەسەت يوق، < قوش تىللىق يەسلى بەرپا قىلىش > دەيدىغان ھەرىكەتمۇ مەۋجۇت ئەمەس، خىتاي ھاكىمىيىتى تىبەتتە مىللىي مائارىپ ساھەسىگە قارىتا < مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى > دا كۆرسىتىلگەن بەلگىلىمىلەردىن ھالقىپ كەتكىنى يوق. تىبەت مىللىي ئوتتۇرا  باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكلىرى يەنىلا تىبەتچە بولۇپ، خىتايچە بولسا پەقەتلا قوشۇمچە تىل دەرسى قاتارىدا ئۆتۈلۈپ كېلىنمەكتە.دالاي لاما باشچىلىقىدىكى تىبەت مىللى ھەرىكىتىنىڭ ۋە خەلقارانىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن خىتاي ھاكىمىيىتى 2002 – يىلى، < تىبەت ئاپتونوم رايونىدا تىبەتچىنى ئۆگىنىش، قوللىنىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش ھەققىدە بەلگىلىمە > دىگەن نەرسىنى ئېلان قىلىپ، پارتىيە  ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، قانۇن تارماقلىرى ۋە مائارىپ قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە تىبەتچىنى ئاساس قىلىش تەكىتلەندى.2007 – يىلغا كەلگەندە خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەتتىكى پۈتۈن مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان يەرلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاپ پۇلى ۋە ئوقۇش راسخودى تاپشۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇردى، كۆپۈنچە ياتاقلىق مەكتەپلەردە ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق پۇلىمۇ كەچۈرۈم قىلىندى.تىبەت بولسا خىتاي بويىچە بۇخىل سىياسەت يۈرگۈزۈلىۋاتقان بىردىن  بىر رايوندىن ئىبارەت.

ھازىر دالاي لاما باشچىلىقىدىكى تىبەت مىللىي ھەرىكىتىنىڭ قارشى تۇرىۋاتقىنى بولسا، خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى خىتاي ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە تىبەتلىكلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىدىن ئىبارەت.خىتاينىڭ ئىستاتىسكىلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1985 – يىلدىن، 2008 – يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خىتايچە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا ئېۋەتىلگەن تىبەتلىكلەرنىڭ ئومومى سانى 34 مىڭ 650 نەپەر بولۇپ، يىلىغا ئېۋەتىلىۋاتقانلارنىڭ سانىمۇ ناھايىتى چەكلىك.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



ئۇنىڭ ئۈستىگە تىبەتتە خىتاينىڭ، < ئىشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنى باشقا يۇرتلارغا يۆزلەندۇرۇش > دىگەن نامدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە تىبەتلىكلەرنى يۆتكەش سىياسىتىمۇ مەۋجۇت ئەمەس.پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىدە .تەشۋىق قىلىش بولۇپ، مەجبۇرلاش ۋە جازالاش سىياسىتى يوق
تەبىي بايلىقلارنىڭ تالان  تاراج قىلىنىشى جەھەتتىمۇ تىبەتنىڭ ۋەزىيىتى بىزنىڭكىدىن كۆپ يەڭگىل .بۇ .جەھەتلەردە تېخىمۇ كۆپ سېلىشتۇرما ئېلىپ بېرىش مۇمكىن
ئۇنداقتا بىزنىڭ ۋەزىيىتىمىزچۇ ؟
نۆۋەتتە خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاندا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە پىلانلىق ۋە سىستىملىق ھالدا ئومومى يۈزلۈك ئاتمىلاتسىيە ھەرىكىتى ئەلىپ بارماقتا.تىپىك مۇستەملىكىچىلىككە تايانغان خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتى، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان يەرلىك خەلقنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىغا جىددى خەۋپ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى مىللىي ئىستىقبالىغا بولغان ئەندىشە ۋە قايغۇلىرىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرماقتا.ھەتتا چەتەللىك تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىنمۇ، ئەگەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزىۋاتقان ھازىرقىدەك ئومومى يۈزلۈك ئاتمىلاتسىيە سىياسىتىگە قارشى جىددى تەدبىر قوللانمىغان تەقدىردە، كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تىل – يېزىق ۋە مەدىنىيىتىنى يوقۇتۇپ قويىدىغانلىقىغا دايىر .ئىلمىي تەسەۋۋۇرلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا
ئەلۋەتتىكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارىتىلغان زۇلۇم ۋە بېسىم 100 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمما، شۇ نۆختىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىمىز لازىمكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى رىيال ۋەزىيىتىنى ۋە ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان خىيىم – خەتەرلەرنى تارىختىكى ھەرقايسى .مۇستەملىكىچىلىك دەۋرلىرىگە سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس
مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەمىلىي كۈچىنى، شۇنداقلا ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىز نۆۋەتتە جىددى دۇچ كەلىۋاتقان ئاتمىلاتسىيە خەۋپىنى كۆزدە تۇتقىنىمىزدا، نۆۋەتتە بىز ئۈچۈن ئەڭ موھىم بولغىنى، ئەڭ ئاخىرقى غايىمىز بولغان مىللىي مۇستەقىللىق تەلپىمىزنى تاشقى كۆرۈنۈشتە ۋاقتىنچە توڭلۇتۇپ قويۇپ، پۈتۈن كۈچىمىز ۋە زەھنىمىزنى مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىمىزنى قوغداپ قېلىشقا قارىتىشىمىز، مىللىي ھەرىكىتىمىزنى، ئىسمى  جىسمىغا لايىق ھەقىقىي ئاپتونومىيە شوئارى ئاستىدا ئۇيغۇر .مەدىنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم
.بۇ، بىزنىڭ مىللىي تەقدىرىمىزنى ھەل قىلىشىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولۇشى لازىم
بۇ ئارقىلىق بىز دۇنيا جامائەتچىلىكىگە، ئۆزىمىزنىڭ تىنچلىق تەرەپدارى ئىكەنلىكىمىزنى، خىتاي بىلەن بولغان ئىختىلاپلارنى توقۇنۇش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى دىيالوگ ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىمىزنى، بىزنىڭ مىللىي تەلەپلىرىمىزنىڭمۇ دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقوق پىرىنسىپلىرىغا تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، نۆۋەتتىكى مەقسىدىمىزنىڭ پەقەتلا ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنى خىتاينىڭ .ئاتمىلاتسىيە قىلىپ يوقۇتۇشىدىن ساقلاپ قېلىش ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادە قىلالايمىز
خەلقارا سىياسى سەھنىلەردە خىتاي ھاكىمىيىتىنى تىنىمسىز ھالدا دىيالوگقا چاقىرىش ۋە خىتاي بىلەن تېنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىنى ئۇزلۇكسىز تەكتلەش ئارقىلىق، ئۆزىمىزنى خىتايىڭ سىياسى تۆھمەتلىرىدىن مۇداپىيە قىلىدىغان پاسسىپ ھالەتتىن، خىتايىنى ئارقىمىزغا سىلىۋالىدىغان ۋە ئۆزىنى مۇداپىيە قىلىدىغان ئاكتىپ ھالەتكە ئۆتىمىز.ناۋادا خىتاي ھاكىمىيىتى بىز بىلەن دىيالوگ ئۆتكۈزۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرسا، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن قاچقان تەرەپكە .ئايلىنىپ قالىدۇ

چوڭلارنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق

ئەخمەتجان ئوسمان

بەزى ئۇيغۇرلار «شەرقىي تۈركىستاننى ئامېرىكا ئازاد قىلىپ بېرىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇنداق دېگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا تېخى مەشھۇر سىياسىي پائالىيەتچىلەرمۇ بار. بەلكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، خىتاينىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ساھەلەردىكى كۈنسايىن تەرەققىياتى ۋە يېقىن كەلگۈسىدە ئامېرىكىنىڭ تېنچ ئوكيان رايونىدىكى مەنپەئەتىگە نىسبەتەن زور تەھدىتكە ئايلىنىشى ئاقىۋەتتە ئامېرىكىنىڭ، تەيۋەن، تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىلىرىدەك ئاجىزلىق نۇقتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، خىتايىنى پارچىلاپ «ۋەيران» قىلىشىغا

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



سەۋەپچى بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ مۇلاھىزە توغرا، لېكىن يەكۈنى خاتا بولۇشى مۇمكىن. توغرا، بۇنداق ھالەتتە،
ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن، بىراق ئۇنى بىزگە «ئازاد قىلىپ
بېرىش»ئى ناتايىن! چۈنكى، ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىپ ھېچقانداق مەنپەئەتكە
ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە زەرەر بېرىشى ئەمىلىيەتكە
تولىمۇ يېقىن. مەسىلەن، ئامېرىكا تەيۋەننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنىمۇ، خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر پارچىسىغا
ئايلىنىشىنىمۇ خالىمايدۇ، چۈنكى بۇنداق بولغاندا، تەيۋەن ئۆزىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئىلكىدىكى كوزۇرلۇق
ماھىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ. ئۆزىنىڭ قولىدىكى كوزۇرغا ئايلانغان مەسىلىنىڭ ھەل بولماسلىقى كېرەكلىكىنى
!ئامېرىكىدەك دۆلەت ئەلۋەتتە ياخشى بىلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە شەرقىي تۈركىستانمۇ ھەم شۇنداق
شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن چوڭلارنىڭ قولىدىكى بىر ئويۇنچۇق. بىزنىڭ بۇ تەغدىرىمىزنى زېمىنىمىزنىڭ
ئىستراتەگىيىلىك ئورنى ۋە مۇھىم ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىگى بەلگىلىگەن (بىر خەلق
سۈپىتىدە، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىمىزنىڭ يوقلۇقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا). ئاللاھ بىزگە
ئاتا قىلغان ئامەتلەر ئاخىرىدا ئەسىرلەر بويى زۇلۇم چېكىشىمىزگە سەۋەپچى بولغان. شۇنىسى ئېنىقكى،
ئەگەر ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىمىزنى يېتىلدۈرمىسەك، ھەتتاكى جانابى ئاللاھمۇ بىزنى
ئازاد قىلىپ بەرمەيدۇ. قۇرانى كەرىمدە، بىر خەلق ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنى
ئۆزگەرتمەيدۇ، دېگەن مەنىدە گەپ بار. بىر خەلقنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى شۇ خەلقنىڭ
بىر پۈتۈن سىياسىي ئىرادىسىدىن باشلىنىدۇ. ئەپسۇسكى، تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە شەرقىي تۈركىستانلىقلار
بۇنداق سىياسىي ئىرادىدىن مۇستەسنا. بىر پۈتۈن سىياسىي ئىرادىسى بولمىغان بىزدەك خەلقنى ئازات
قىلىپ بېرىدىغان بىرەر كالۋا دۆلەت تارىختىن بۇيان كۆرۈلمىگەن، شۇنداقلا مەڭگۈ مەۋجۇت بولمايدۇ! ئۆزىدە
سىياسىي ئىرادە ھاسىل قىلالمىغان خەلقنى «ئازاد قىلىش» - بېسىقتۇرغىلى بولمايدىغان
قالايمىقانچىلىقلارغا، ئىچكى ئۇرۇشلارغا يول ئېچىش، شۇ خەلق ياشاۋاتقان رايوننىڭ، جۇملىدىن دۇنيانىڭ
خەۋپسىزلىگى ۋە تېنچلىقىغا تەھدىت كەلتۈرۈش دېمەكتۇر. بىزنىڭ «ئازاد بولۇش»مىزنى ئامېرىكىدەك
.دۆلەتتىن بۇرۇن، خەلقارا جەمىيەت، بولۇپمۇ بىزگە قوشنا دولەتلەر ئىستىمەيدۇ
شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئوينالسا بولۇدۇكى، ھەرگىز ئوينىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ چوڭلارنىڭ قولىدىكى
ئويۇنچۇقلۇق ماھىيىتى دەل مۇشۇ يەردە: بىر پۈتۈن سىياسىي ئىرادىسى يوق، ئەمما ئىستراتىگىيەلىك ئورۇن
ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئىگە بىزدەك خەلقنىڭ تەغدىرى بۇنىڭدىن ئۆزگىچە بولمىسا كېرەك. ئەينى
زامانلاردا، ئەنگلىيە، چارۇسىيە ۋە تاڭ سۇلالىسىدەك جاھانگىر دولەتلەر زېمىنىمىزنى (ئىستراتېگىيىلىك
ئورنىنىڭ مۇھىملىقى سەۋەبىدىن) تالاشقان ئىدى. شۇ چاغلاردىمۇ ئەجداتلىرىمىز «بىزنى ئەنگلىيە ئازاد
قىلىپ بېرىدۇ» دېيىشكەن. كېيىن، خەلقارا ئېنېرگىيە كىرىزىسى تۆپەيلىدىن پارتلىغان 2- دۇنيا ئۇرۇشىدا،
گېرمانىيە ئارمىيىسى بالقان ۋە ئوكرائىنىيەدەك ئېنېرگىيە مەنبەسى ھىساپلىنىدىغان زېمىنلاردا
ئىلگىرلەۋاتقاندا، ياپونىيە قوشۇنلىرى مانجۇرىيەنى ئىشغال قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى قولغا كەلتۈرۈش
تاماسىنىڭ ھەربىي ئوپېراتسىيىلىرىنى پىلانلاۋاتقان ئىدى. ئەگەر ياپونىيە شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال
قىلسا، گېتلېر ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ھالسىراۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۈمبىسى ياپونىيىدەك
يەنە بىر جاھانگىرنىڭ ئالدىدا ئوچۇق قالاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن رۇسلار ئەلۋەتتە «شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد
قىلىپ بېرىش» پىلانىنى تۈزىشى تەبىئى. شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن تەشكىل تاپقان نەچچە ئون
مىڭلىغان «مىللىي ئارمىيە» بولسا رۇسلارنىڭ دۈمبىسىنى قوغدىغان ھالدا ساموراي‌لار بىلەن قان تۆكۈپ جەڭ
قىلسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ قالغان ئىشلار بولسا بۇ ئويۇنچۇق مىللەتنىڭ نوۋەتتە رۇسلارغا ئادا قىلىپ
بېرىدىغان ۋەزىپىسى تۈگىگەندە بىر گەپ بولمامدۇ! دېمىسىمۇ، مىڭلىغان ئۇيغۇر جېنىغا زامىن بولغان بۇ
.«قانلىق ئويۇن تۈگىگەندە، مەزكۇر ئويۇنچۇق بېيجىڭغا «سېتىۋېتىلدى
ئېنگىلىزلارنىڭمۇ، رۇسلارنىڭمۇ، خىتايلارنىڭمۇ قولىدا ئازاد بولمىغان بۇ مىسكىن ئويۇنچۇق ئەمدى
ئامېرىكىلىقلارنىڭ قولىدا «ئازاد» بولارمۇ؟ كۆڭلىگە پۈككەن ئىشلىرىنى تۈگۈتۈپ بولۇپ، كابۇلغا سېتىۋەتسە
قانداقمۇ قىلارمىز؟! بۇ ئامېرىكىلىقلار شىمالىي كورىيەنىڭ يادرو قورال‌لىرى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش
ئۈچۈن شىمالىي كۆرىيەگە نىسبەتەن سالمىغى ئېغىر بولغان خىتاي دۆلىتى بىلەن پۈتۈشۈپ، مەنىۋىي ئانىمىز
رابىيە قادىرنى ئويۇنچۇق قىلىپ ئويناشتىغۇ؟ خەلقارا جەمىيەتكە: رابىيە قادىرنى تۈرمىدىن «ئازاد» قىلغان
خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، دېمەكچىمىش! ھەتتا سىدىق ھاجى روزى
ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ ياڭراق ئاۋازى بىلەن (رف ئا ئارقىلىق) ۋاشىنگتوندىن خىتاپ قىلىپ «ئۇيغۇر تېڭىنىڭ
!ئاتقانلىقى»نى جاكارلىدىغۇ
مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا، سۈرىيەلىكلەرنىڭ بىر لەتىپىسى يادىمغا كەلدى: بىر تۇغماس ئەركەك خوتۇنى
بىلەن «باللىرى»نى ئەگەشتۈرۈپ كوچا سەيلىسى قىلىۋاتقان ئىكەن. بۇ «ئائىلە» بىلەن بىللە ئەرنىڭ بىر

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمى ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى



دوستىمۇ بار ئىكەن. ئۇلار بىلەن يولدا ئۇچرۇشۇپ قالغان بىرسى، ئۇزۇن يىللار كۆرۈشمىگەن بۇ تۇغماس دوستىنىڭ ئاغزىدىن بالىلارنىڭ ئۇنىڭ بالىلىرى ئىكەنلىگىنى ئاڭلاپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا «سەن تۇغماسقۇ؟!» دەۋېتىپتۇ. تۇغماس ئەركەك يېنىدىكى بىللە كېتىۋاتقان دوستىنى كۆرسۇتۇپ: «بۇ كىشى ماڭا .خوتۇنۇمدىن بالا تېپىپ بېرىدۇ»، دەپتۇ
!!!!!!ئۇيغۇرلاردەك «تۇغماس» مىللەتكە ئامېرىكىلىقلار بالا تېپىپ بېرەرمۇ ئەمدى؟! خۇدايا توۋا